www.uyghurkitap.com

# يالقۇنلۇق سالام، سەممىي غەمخورلۇق

2005 - يىل 29 - دېكابىر كۈنى چۈشتىن كېيىن خۇڭفۇ مېھمانسارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش چاي يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلىپ، ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىغا سەممىي سالام يوللىدى ھەمدە يېڭى ئۈمىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.






ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن رەئىسى چېن لېي بارلىق مەسلىھەتچى ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن سەممىي ھال سورىدى.



ھال سوراش مەيداندىن بىر كۆرۈنۈش



ھال سوراش مەيداندىن بىر كۆرۈنۈش



بىر قىسىم مەسلىھەتچى، تەتقىقاتچىلىرىمىز مۇكاپاتلاندى.



يىغىن مەيداندىن بىر كۆرۈنۈش



مۇكاپاتلانغان مەسلىھەتچىلەر ۋەكىلى سۆز قىلدى.



يىغىن مەيداندىن بىر كۆرۈنۈش

# تەكلىپلىك تەتقىقاتچىلار پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر




2005 - يىل 29 - دېكابىر چۈشتىن كېيىن، خۇڭفۇ مېھمانسارىيى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياش ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش چېيىغا قاتناشتى ھەمدە بۇ قېتىمقى يىغىندا 40 نەپەر ھەر مىللەت ئالىم - مۇتەخەسسىسلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى.




تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مەسئۇللىرى بىر قىسىم ئايال تەتقىقاتچىلىرىمىز بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



يىغىن مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش



«تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى» دېگەن گۇۋاھنامە تارقىتىلدى.



يىغىن مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش

www.uyghurkitap.com

# «شىنجاڭنى سۆيىمەن» ناملىق مەملىكەتلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدىن كۆرۈنۈشلەر (2)



ماھارەت كۆرسىتىش (شەرقىي مىچۈەن رايونىدا)



خەتتاتلار ماھارەت كۆرسەتتى (تۇرپاندا)



رەسساملار ماھارەت كۆرسەتتى (نەنسەندە)



ماھارەت كۆرسىتىش نەق مەيدانى (بوغدا كۆلى رايونىدا)



ماھارەت كۆرسىتىش نەق مەيدانى (شەرقىي مىچۈەن رايونىدا)



خەتتاتلار ماھارەت كۆرسەتتى (نەنسەندە)



خەتتات ماھارەت كۆرسەتتى



كۆرگەزمە زالىدىن بىر كۆرۈنۈش



ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى (تۇرپاندا)

# «شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدىن كۆرۈنۈشلەر (3)



لىياۋنىڭ ئۆلكىلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مەسئۇلى نەق مەيداندا يازغان ئەسىرىنى شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىغا تەقدىم قىلدى.



ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش (سانجىدا)



كۆرگەزمىدىن كېيىنكى پائالىيەتتىن بىر كۆرۈنۈش



بوغدا كۆلىدە ماھارەت كۆرسىتىش



سانجىدىكى ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش



يەنە بىر ئەسەر پۈتتى



شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش باشلاندى.



شىنجاڭ ئۇرۇمچى دەرمان سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئابلاجان مەتتوختى سوۋغاتنى تاپشۇرۇپ ئالدى.



پەخرىي مۇدىرىمىز غازى ئەھمەد قېرىنداش ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەتتات ـ رەسساملار بىلەن مەشرەپكە چۈشتى (شەرقىي مىچۈەن رايونىدا).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى

نىياز كېرىم شەرقى يازغان

2006 - يىللىق سان (ئومۇمىي 40 - سان)

مۇندەرىجە

**رەھبەرلەر مۇنبىرى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىدىكى سۆز ... ئىسمائىل تىلىۋالدى (1)
ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىش مۇراسىمىدىكى سۆز ........................................ چېن لېي (4)
«شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى سۆز ........ سۇي جەنفۇ (9)
«شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى سۆز ...... نۇر بەكرى (11)

**پائالىيەتلەردىن ئۇچۇر**

«شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى ........................................ (14)
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۇي جەنفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى ........ (16)
مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭ كونلۇن مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى ........................ (17)

**ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات**

يۇكسەك پەزىلەت، ئۆچمەس تۆھپە ........................ مۇھەممەت زۇنۇن (18)
كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە مەسىلىلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىم ........................ ھەبىبۇللا خوجا (24)
شىنجاڭنىڭ ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ........................ غەيرەتجان ئوسمان (30)
تەكلىماكان، كروران ۋە دولان........................ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس (38)

كىروراننىڭ نوپۇسى ۋە كىرورانلىقلارنىڭ كۆچۈشى ………… غالىپ بارات ئەرك (48)
كىرورانلىقلار كىملەر؟ ……………………………… ئەخمەت مۆمىن تارىمى (56)
«كىروران»، «مىرەن»، «پىشامشان» ئاتالغۇلىرىنىڭ باغلىنىشى ۋە كىروران دۆلىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا ……………… ئابدۇراخمان باقى (63)
«ئاتۇش ئادىمى» — ئاتا ۋە «كىروران گۈزىلى» — ئانا ئىزنالىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادىغا نەزەر ……………… ئۆمەر ئوسمان شىپائى تېكىن (66)
تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە باشقا خەلقلەر ماقال - تەمسىللىرىدىكى تەپەككۇر ئوخشاشلىقى …………………… مۇقەددەس مىرزا (72)

ئەسلىمە ۋە شەخس

ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ……………… تۇرسۇن بارات (74)
19 - ئەسىردە ئۆتكەن قازاق كومپوزىتورى بەيسەنبى توغرىسىدا ……… شاكەن ئوڭالباي (87)

زىيارەت كۆزنىكى

تۈركىيىدىكى زىيارەتتىن قىسقىچە ئۇچۇر……………… يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى (93)

دۇردانىلەر خەزىنىسى

ئەدەپ - قائىدە ۋە ئومۇمىي ئەخلاق توغرىسىدا ھېكمەتلىك سۆزلەر ……………… رەھىم يۇسۇپ توپلىغان (99)

قىسقا خەۋەرلەر

………………………………………… (105)


## «شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» ئۇيغۇر تەھرىر ھەيئىتى

**باش مەسلىھەتچى:** جاپپار ھەبىبۇللا
**پەخرىي مۇدىرى:** ئايۇپ تىيىپ
**مۇدىر:** ئابلىز ھوشۇر
**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** جۇرئەت قادىر
خاسىيەت ئابدۇرېھىم
**باش مۇھەررىرى:** مۇھەممەد زۇنۇن
**مۇئاۋىن مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئابدۇرېھىم
مەنسۇر توختى
**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:** ئابلىز ھوشۇر، جۇرئەت قادىر، مۇھەممەت زۇنۇن، ئىسمائىل ئىبراھىم، خاسىيەت ئابدۇرېھىم، مەنسۇر توختى، نىياز كېرىم شەرقىي، تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك)
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** تەلئەت ئىبراھىم (تىلەك)
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ياسىن ھاۋازى، ئەخمەت مۆمىن تارىمى

ژۇرنال نامىنى نىياز كېرىم شەرقىي يازغان
**تۈزگۈچى:** «شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيىتى» تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى مەدەنىيەت كوچىسى 6 - قورۇ
**تېلېفون:** 2322420، 2322412 (0991)
**فاكس:** 2322420 (0991)
**پوچتا نومۇرى:** 830002
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسمىچىلىق شىركىتى باستى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى گۆھەر تاغ يولى 2 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**باسما ئىجازەت كېنىشكا نومۇرى:** 024 (ئىچكى ژۇرنال)
**تور پونكىتى:** http//ww. xjcs. gov. cn
E—mail: tilak@xjcs. gov. cn

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىدىكى سۆز

ئىسمائىل تىلىۋالدى
—— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى

(2005ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنى)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار، يولداشلار، دوستلار:

2005 ـ يىلنى ئۇزىتىپ، تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن 2006 ـ يىلغا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى، تاشقى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپلىك تەتقىقاتچى ۋەكىللىرى ۋە خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى بۇ يەرگە جەم بولۇپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋالماقتىمىز. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە يېڭى يىللىق سالام يوللايمەن ۋە ھەممەيلەننىڭ يېڭى يىلىغا بەخت تىلەيمەن!

ئۆزاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان 2005 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر يىل بولدى. يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ۋە ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، 10 ـ بەش يىللىق

پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك نىشانلارنى تولۇق ئورۇندىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىقتىساد گۈللەنگەن، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىناق، سىياسىي مۇقىم بولغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، دېمەك، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدىكى تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچى-لەر ئىشخانىسى، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، مەۋقەنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مەسلىھەت بېرىش يولىدىكى تۈرلۈك شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ھەر ساھە زاتلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئالاقە باغلاپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پائال تۈردە ئەقىل - چارە كۆرسىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى زور مەسىلىلەر، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى قىزىق، قىيىن مەسىلىلەر ھەققىدە زور بىر تۈركۈم قىممەتلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە مەسلىھەت - تەكلىپلەرنى يېزىپ، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى، خەتتاتلىق ئىجادىيىتى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە بىرلىكسەپ، دوستلۇق خىزمىتى جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلىشىگە تۈرتكە بولۇش، مىللىي ئېسىل مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، «3 مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇ-شىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار شۇنىڭدەك مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمىتىنى قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ھەر ساھە دوستلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

11 - بەش يىللىق يىرىك پىلان مەزگىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىغا يېتىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com



خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق يېتەكلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ۋە پائال ئۆزگەرتىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئىشلار بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ماس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىزمىتى پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. يېڭى بىر يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئۆزىنىڭ «ئىقتىساسلىقلار ئامبىرى»، «ئەقلىي كۈچ ئامبىرى» بولۇش رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، مەسلىھەت-چىلەرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى مەسلىھەتچىلىك رولىنى ۋە تارىخ-مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېڭىلىق يارىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھاكىمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، دۆلەت ئىشلىرى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىش شۇنىڭدەك تارىخ تەتقىقاتى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە بىرلىكسەپ - دوستلۇق ئورنىتىش پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پائال ئەقىل كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەتكە يۇقىرى سۈپەتلىك مەسلىھەت ۋە پىكىرلەرنى يەتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى ۋە تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا كۆپچىلىكنىڭ يېڭى يىلىنىڭ شاد - خۇرام، تېنىنىڭ سالامەت، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك، ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمەن!

# ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىش مۇراسىمىدىكى سۆز

چېن لېي

—— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن رەئىسى
(2006- يىل 4- ئاينىڭ 29- كۈنى)

ھۆرمەتلىك مەسلىھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار، يولداشلار:

بايا باش كاتىپ ئايۇپ تېيىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپ قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى ئوقۇپ ئۆتتى، يولداش لى دېخۇڭ ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ پەخرىي مۇدىرلىقىغا، لى جىڭشى، چيەن جىننەي قاتارلىق 8 يولداش ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى. بىز يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنغان ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرىغا تەكلىپنامە تارقاتتۇق؛ لى دېخۇڭ، لى جىڭشى ۋە جۇرئەت قاتارلىق 3 يولداش ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ئىشخانىسى (تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى)، يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنغان مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارغا ۋاكالىتەن ناھايىتى ياخشى سۆز قىلدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپ قىلىنغان مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى تەتقىقاتچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ھۆكۈمەتنىڭ بىردىنبىر بىرلەشكەن مەسلىھەت بېرىش خاراكتېرىنى ئالغان خىزمەت تارمىقى

www.uyghurkitap.com



ھېسابلىنىدۇ. تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرلىكسەپ ۋە شەرەپ خاراكتېرىنى ئالغان تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىدۇر. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، مۆۋقەنى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قارىتىپ، مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەر ساھە ئەربابلىرى بىلەن كەڭ ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئالاقە باغلاپ، ھەر خىل شەكىلدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا دائىر چوڭ چوڭ مەسىلىلەر ھەمدە ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا، قىيىن مەسىلىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك تەتقىقات دوكلاتى ۋە مەسلىھەت خاراكتېرلىق تەكلىپلەرنى بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتى، ھۆسنخەت ـ رەسىم ئىجادىيىتى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، بىرلىكسەپ ۋە دوستلۇق ئورنىتىش قاتارلىق جەھەتتە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «3 مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

ھازىر، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى مەزگىلىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ، كۆرەش نىشانى، ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ ھەمدە ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پائال قاتنىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى ۋە ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى مۇتەخەسسىسلەر ۋە مەسلىھەتچىلەر ئۈمىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىدە مەسلىھەت بېرىدىغان 3 مۇھىم كۈچ بولۇپ، ئۇ پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ياخشى مەسلىھەت بېرىشى كېرەك. شۇڭا، بىز يېڭى ۋەزىيەت ۋە

يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، مەسلىھەتچىلىك ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچىدىن، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىزمىتى پارتىيىنىڭ بىرلىككەسەپ خىزمىتى ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتىدە، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەت بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. مەسلىھەتچىلىك خىزمىتى تۈزۈمى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك سىياسىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى. كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مەسلىھەتچىلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيىنىڭ بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە زورايتىپ، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەشكە؛ ھەر مىللەت ھەر ساھە ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا؛ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەقىل- پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، دېموكراتىيىلەشتۈرۈشكە ۋە مەددەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە تارماقلار يېڭى ۋەزىيەتتە مەسلىھەتچىلىك ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەدبىر قوللىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن ياخش شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ھەر يىلى تەتقىقات تېمىسىنى يوللىشى كېرەك، ھۆكۈمەت مەبلەغ جەھەتتە ئۇنى مۇۋاپىق قوللايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىدنى ياخشى ئادا قىلىش لازىم.

ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەرقايسى ساھەرلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە داڭلىق زاتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى مول، بىلىمى كۆپ، جەمئىيەتتىكى تەسىرى زور ھەمدە ئۇلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەقلىي جەھەتتە قوللاش سىستېمىسىدىكى مۇھىم كۈچ. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، مەۋقەنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات ـ مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە قارىتىپ، مەسلىھەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە مەسلىھەت بېرىش رولىنى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېڭىلىق يارىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، پائال ئەقىل كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەتكە سۈپەتلىك تەكلىپ بېرىشى لازىم. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ قاراتمىلىقى بولۇش، ئۇ يېتەكچىلىك خاراكتېرى، سىياسەت خاراكتېرىنى ئالغان بولۇشى ۋە مەشغۇلاتچانلىقتا ئىگە بولۇشى كېرەك. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى مەسلىھەتچىلەرنى بايلىق بېجى مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللىسە بولىدۇ. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ بىرلىكسەپ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، بىرلىك سەپ جەھەتتە دوست تۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى كۈچلەر بىلەن تېخىمۇ كەڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش لازىم.

ئۇچىنچىدىن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، قوشۇننىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئەقىل كۆرسىتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە. ھازىر دۇنيا بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىردى، يېڭى بىلىم ۋە يېڭى تېخنىكىلار ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىمۇ نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ، بۇنىڭ

ئۈچۈن بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەر بىر مەسلىھەتچى ۋە تەتقىقاتچىنىڭ بىر تەرەپتىن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، بىلىمنى يېڭىلاپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، قاراشنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ مېڭىشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇلازىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئويلىغىنىنى ئويلاپ، ھۆكۈمەت ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بېرىۋاتقان قىيىن نۇقتا ۋە قىزىق نۇقتىلارنى چۆرىدەپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇرلۇققا ۋە يۈكسەكلىككە ئىگە، قاراتمىلىقى بار، يېتەكچىلىك خاراكتېرى، سىياسەت خاراكتېرىنى ئالغان، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يېڭى دەۋردە مەسلىھەتچىلىك ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يېڭى تەپەككۇرى ۋە يېڭى ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇپ، مەسلىھەتچىلىك ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىدە ئۆزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم. بۈگۈن ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلىرى ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يېڭىدىن تەكلىپ قىلىنىشى مەسلىھەتچىلەر ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى قوشۇنىغا يېڭى كۈچ قوشتى، سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلارنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىلەردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرى ساپالىق ئىقتىساسلىقلار ئارقىلىق تىرىشىپ مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يولداشلار، يېڭى دەۋردە ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىك ۋە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى زور. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك شەرەپ - نومۇس قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئەمەلىي خىزمەت ئىستىلى ۋە تىرىشىپ ئىشلەشتەك روھىي ھالەت بىلەن بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ۋە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

ئاخىرىدا، مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ تېنىنىڭ ساغلام، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى سۆز

سۈي جەنفۇ

— گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى
(2006- يىل 7- ئاينىڭ 3- كۈنى)

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، تەتقىقاتچىلار، يولداشلار، دوستلار:

بۈگۈن، مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى بىلەن شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «شىنجاڭنى سۆيىمەن» تېمىسىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى رەسمىي ئېچىلدى. بۇ يەردە مەن مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتلىرىدىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار ۋە يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن! بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ بىۋاسىتە تەشەببۇس قىلىشى بىلەن قۇرۇلغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زور بىر تۈركۈم مەشھۇر ئەربابلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، مەدەنىيلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى تەسىر قوزغىدى.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى باياشات، گۈزەل زېمىن. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەرقايسى جەھەتلەردە دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيەت

تەتقىقات يۇرتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتنى جانلىق ئىشلەپ، تەتقىقاتچىلارنى ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەتكە ئالاقىدار خىزمىتى جەھەتتىكى مۇھىم نۇقتا ۋە قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە خەلق رايىنى ئىنكاس قىلىشقا پائال تەشكىللەپلا قالماي، يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كىتاب ۋە ماقالە يېزىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرگەزمە ئويۇشتۇرۇپ، چەت ئەللەردە بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. مەسىلەن، بېيجىڭ، شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسى»، شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى» ئىنتايىن ياخشى تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ بۇلتۇر 9 - ئايدا شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى رۇسىيە فېدىراتسىيىسى ئالتاي چېگرا رايونىدا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، شۇ جايدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۈگۈن، جايلاردىكى تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ سەنئەتكارلىرى ئۈرۈمچىگە جەم بولۇپ، كۆرگەزمە شەكلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەھۋالىنى نامايەن قىلدى، بۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىپ، كەڭ ئالاقە باغلاشتا ئىجابىي تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە، 100 گە يېقىن خەتتات ۋە رەسسامنىڭ 200 دىن ئارتۇق ھۆسنخەت ۋە رەسىمى كۆرگەزمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتىدىكى خەتتاتلار ۋە رەسساملارنىڭ قولىدىن چىققان. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ھەم سەنئەت ساھەسىدىكى داڭلىق ۋە ئابرويلۇق پېشقەدەم رەسساملارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بار، ھەم يېڭىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئوتتۇرا ياش ۋە ياش رەسساملارنىڭ ياخشى ئەسەرلىرى بار، ھەم جۇڭگوچە رەسىم ئەسەرلىرى، ھەم ماي بوياق ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئالغان ئېسىل ھۆسنخەت ۋە رەسىملىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەن داڭلىق ئەربابلارنىڭ ھەر خىل كاتتا ئەسەرلىرى قويۇلغان بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى يېڭى ئەسىردە چوقۇم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى تۆھپە يارىتىدۇ.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن!

كۆپچىلىككە رەھمەت!

(توقسۇن سىدىق تەرجىمە قىلدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# «شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى ھۆسن خەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى سۆز

نۇر بەكرى

— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

(2006- يىل 7- ئاينىڭ 3- كۈنى)

ھۆرمەتلىك گوۋ ۋېيۋەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يولداش سۈي جەنفۇ، ھۆرمەتلىك مۇئاۋىن مۇدىر چېن خېلياڭ، ھۆرمەتلىك ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى، مېھمانلار، دوستلار، ياخشىمۇسىلەر!

يازنىڭ 7 - ئېيىدا، مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ۋە 25 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ رەھبەرلىرى، تەتقىقاتچىلىرى ۋە مېھمانلار چېگرا رايونغا جايلاشقان ئۈرۈمچى شەھىرىگە جەم بولۇپ، مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «شىنجاڭنى سۆيىمەن» ناملىق ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى.

ئالدى بىلەن مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، تەتقىقاتچىلىرى ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە سىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

مەركەز ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى تەسىس قىلىپ، پارتىيىسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، تەسىرى بار، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ۋە تارىخ - مەدەنىيەت جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار مەشھۇر ئەربابلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ دانا تەدبىرى بولۇپ، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى قۇرۇشنىڭ مەقسىتى پېشقەدەملەرگە ۋە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىپ، تەتقىقات يۇرتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تارىخ - مەدەنىيەت ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ،

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىسىل-مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىلىمگە ۋە ئىقتىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش سىياسىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى تارىخ- مەدەنىيەت ساھەسىدىكى زور بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئابرويلۇق ئەربابلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىر يەرگە جەم قىلىپ ھەمدە ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، مادارىغا يارىشا ئىش قىلىش پرىنسىپى بويىچە، تارىخ - تەتقىقات يۇرتى تەتقىقاتچىلىرىنى كىتاب ۋە ماقالە يېزىش، كىتاب - ژۇرناللارنى تەھرىر-لەش، تەزكىرە ۋە تارىخ كىتابلىرىنى تۈزۈش، ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئىجادىيىتى ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. پارتىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىسىل مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەت روھىنى يېتىلدۇرۇپ، ئىلىمىزنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپ، پائال تۆھپە قوشتى. بۇ يەردە مەن يىغىنغا قاتناشقان تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ تەتقىقاتچىلىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 6 دىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، تەبىئىي بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئەتراپىتىكى 8 دۆلەت بىلەن چېگرىداش، ئۇ ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرىدى-غان مۇھىم ئۆتەك بولۇپ، ستراتېگىيە-لىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا ئۇ ئېچىلىۋاتقان گۈزەل، باي گۆھەر زېمىن ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. ھازىر، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان بولۇپ، بۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار تەرەققىياتىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ مول تەبىئىي بايلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە مول مەدەنىيەت بايلىقىغىمۇ ئىگە. قەدىمدىن تارتىپ، شىنجاڭ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى گىرەلەشكەن جاي ۋە يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بۆلىكى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭ يەنە كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي

بولۇپ، غەرب بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بۇ ئالاھىدە رايوندا ئۆزگىچە تارىخ ۋە مەدەنىيەت شەكىللەنگەن. يېقىندا، گوۋۇيۈەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇندەرىجىسىنى ئېلان قىلدى، شىنجاڭدا 14 ۋەكىللىك ئەسەر ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلدى، بۇ تارىخ – مەدەنىيەت مىراسلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنى ياخشى قوغدىشىمىزغا، ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقىدىن قانداق قىلىپ ياخشى پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنى ھەقىقىي تۇردە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان «ياخشى جاي» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

بۇ قېتىم، مەركەز تارىخ – مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 25 تارىخ – مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى ئۇرۇمچىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بىزگە ئىلغار ئىدىيە ۋە تەجرىبىلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «شىنجاڭنى سۆيىمەن» تېمىسىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ – مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى ۋە گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسىنى، شۇنىڭدەك جايلاردىكى تارىخ – مەدەنىيەت يۇرتلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت- سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ھوزۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلار بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئىجابىي تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئىشىنىمەنكى، «شىنجاڭنى سۆيىمەن» تېمىسىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ- مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ۋە مەملىكەتلىك تارىخ- مەدەنىيەت يۇرتلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە گۈزەل تەسىرات قالدۇرىدۇ!

ئاخىرىدا، مەركەز تارىخ – مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك تارىخ- مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، تەتقىقاتچىلىرى ۋە مېھمانلارنىڭ شىنجاڭدا ياخشى ئۆتۈشى، كۆپچىلىكنىڭ تېنىنىڭ ساغلام بولۇشى، بەختلىك بولۇشى ھەمدە ئىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا تىلەكداشمەن! كۆپچىلىككە رەھمەت!

# «شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ ھۆسنىخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، «شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ ھۆسنىخەت - رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى شىنجاڭ ئۈرۈمچى خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ۋە مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۈي جەنفۇ ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خېلياڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى يىغىنغا بىۋاستە قاتنىشىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 26 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە شەھەرلىك تارىخ - مەدەنىيەت يۇرتىدىكى 100 گە يېقىن رەسسام ۋە خەتتاتنىڭ 200 دىن ئارتۇق ھۆسنىخەت ۋە رەسىمى كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە داغدۇغىلىق ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى قىزغىن سۆز قىلدى، گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۈي جەنفۇ ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يى يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە ھۆسنىخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، ھۆكۈمەت، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، گۈزەل-سەنئەت جەمئىيىتى، رەسساملار ئاكادېمىيىسى، سەنئەت ئىنستىتۇتى، كارخانا- كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىدىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدىن كېيىنكى نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىشتە، مەركەز تارىخ- مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستىسى خۇ دېچاڭ، فۇجيەن ئۆلكىلىك تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستىسى جاۋيۇلىن، تيەنجىن شەھەرلىك تارىخ - مەدنىيەت تەتقىقات

www.uyghurkitap.com



يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، خەتتات دۇ زىلىڭ، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، خەتتات گو زىشۇي، سەنشى ئۆلكىلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، خەتتات خۋاڭ كېيى، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستىسى گەن يۈجېن، ئەنخۇي ئۆلكىلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، گۈزەل سەنئەت ئۇستىسى ۋېي جۈنلىن ۋە لياۋنىڭ ئۆلكىلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لياڭ ۋېننا قاتارلىق خەتتاتلىق ۋە رەسساملىق ساھەسىدىكى داڭلىق ئەربابلار ھۆسنخەت يېزىپ ۋە رەسىم سىزىپ، شىنجاڭدىكى ھۆسنخەت ـ رەسىم ھەۋەسكارلىرىنى ھوزۇرلاندۇردى. بولۇپمۇ يېشى 90 غا بېرىپ قالغان پېشقەدەم جاۋ يۇلىن ئەپەندى بەك خۇشال بولدى، ئۇ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان رەھبەرلەر ۋە ئاممىغا ھۆسنخېتىنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىشش شەكلى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، رەھبەرلەر ۋە مېھمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى پېشقەدەم جاۋ يۇلىن ئەپەندىنى بەس ـ بەس بىلەن رەسىمگە تارتىۋېلىشتى. بۇ بۇ قېتىمقى ھۆسنخەت ـ رەسىم كۆرگەزمەسىگە ھۆسن قوشتى.

داڭلىق ئەربابلارنىڭ رەڭگارەڭ ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئەسەرلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يېڭىچە تۇيغۇ بەردى. 3 كۈن داۋام قىلغان ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆرۈشكە كەلگەنلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى، نۇرغۇن كىشىلەر ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئالدىدا تۇرۇپ ئۈزۈنغىچە كەتكۈسى كەلمىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىجادىيەت ئىشخانىسىدىكى يولداشلار بۇ قېتىم كۆرگەزمە قىلىنغان ھۆسنخەت ۋە رەسىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن: «〈شىنجاڭنى سۆيىمەن〉تېمىسىدىكى مەملىكەتلىك ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مول مەزمۇنلۇق تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە جايلارنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسىنى تولۇق نامايەن قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مول مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن ياخشى تەسىرات قالدۇردى» دەپ سۆز قالدۇردى.

پائالىيەت مەزمۇنىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ۋەكىللەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۇرپان، بوغدا كۆلى، نەنسەن ۋە مىچۈەننىڭ شەرقىي رايونىنى تەكشۈرۈش ۋە زىيارەت قىلىشقا تەشكىللىنىپ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلار بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇردى. بۇ مەزگىلدە، نۇرغۇن ھۆسنخەت ۋە رەسىم ئۇستىلىرى قەلەم تەۋرىتىپ، غەربىي رايوننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى نامايەن قىلدى؛ بەزى ئاپتورلار ۋە تەتقىقاتچىلار تەسىرلىنىپ قولىغا قەلەم ئېلىپ ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى قالدۇردى.

«شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى پائالىيەت ئەھۋالىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خەۋەر قىلدى.

(توقسۇن سىدىق تەرجىمە قىلدى)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن گوۋۇيۇەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۈي جەنفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى ھەمدە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن گوۋۇيۇەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، مەركەز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۇەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۈي جەنفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شۇجى ۋاڭ لېچۇەن مەركەز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى بىلەن شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ بىرلىكتە «شىنجاڭنى سۆيىمەن» نامىدىكى مەملىكەتلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى، مۇدىر سۈي جەنفۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللالار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

كەچتە، شۇجى ۋاڭ لېچۇەن زىياپەت بېرىپ مۇدىر سۈي جەنفۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۈتۈۋالدى.

(توقسۇن سىدىق تەرجىمە قىلدى)

www.uyghurkitap.com



# مەملىكەتلىك تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭ كوئېنلون مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۈرۈمچى كوئېنلون مېھمانخانىسىدا، گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، مەركەز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى سۈي جەنفۇ رىياسەتچىلىك قىلىپ تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، مەركەز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن خېلياڭ ۋە 40 قا يېقىن تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ باشلىقلىرى تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە ھازىر تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ كەڭ ـ كۆشادە سۆز قىلىپ ۋە پىكىرلىرىنى بايان قىلىپ، ياخشى تەجرىبىلىرى ۋە ياخشى ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى خىزمىتى جەھەتتىكى يېڭى تەپەككۇر ۋە يېڭى يول ئۈستىدە بىرلىكتە ئىزدەندى ھەمدە تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى تەتقىقاتچىلىرىنى تاللاش ۋە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئۈستىدە قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

پارتگورۇپپىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر سۈي جەنفۇ خۇلاسە سۆزىدە گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، مەركەز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ۋە ئۇنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، مەركەز تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

چۈشتە، مۇدىر سۈي جەنفۇ شىنجاڭ خەلق سارىيىدا زىياپەت بېرىپ تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتلىرى باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى كۈتۈۋالدى.

(توقسۇن سىدىق تەرجىمە قىلدى)

# يۈكسەك پەزىلەت، ئۈچمەس تۆھپە

— ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلمىي ئىستىلى توغرىسىدا

مۇھەممەت زۇنۇن (تەتقىقاتچىمىز)

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس، فولكلورشۇناس، تارىخشۇناس، ئەدىب مەھمۇد قەشقەرى بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت 7500 دىن ئارتۇق سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن، 200 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل، 242 پارچىدىن ئارتۇق قوشاق ۋە تارىخىي داستانلاردىن پارچىلار ئىزاھلانغان ئۈچ توملۇق قامۇسنى تۈزۈپ چىقىپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەسىدىكى نەتىجىلىرىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش، ھەربىي يۈرۈش قىلىش تەدبىرلىرىنى، يەر شارائىتلىرىنى باي تىل ماتېرىيالى ئارقىلىق مۇكەممەل ئىپادىلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بىر يېڭى شاھ ئەسەر بىلەن بېيىتقان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ 11 - ئەسىردىكى تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات بېرىدىغان يېگانە مەنبە. بۇ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۆگىنىشتە چوقۇم ئوقۇشقا، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك قامۇس بولۇپ قالدى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن ئۆچمەس نامايەندە بولۇپ، ئۇلۇغ تارىخىي شەخس سۈپىتىدە شۆھرەت قازىنىشى ئۇنىڭ ئىلغار ئىلمىي كۆز قارىشى، توغرا ئىلمىي ئىستىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىغان سۆزلۈكلەر، نەقىل كەلتۈرگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار ۋە نەسرىي پارچىلاردا «بىلىم - پەزىلەت، بىلىم - پاراسەت»، «بىلىم - يول كۆرسەتكۈچى»، «بىلىم - كۈچ - قۇۋۋەت» دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

ئالغىل ئۇگۇت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇ بىلگىك ئۇلە.
(ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق سال،
پەزىلەتلەر تىلە، ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات)
بەلگە يولدىن ئازماس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلىم بولسا سۆزدىن تاپماس.

(چۈللەردە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە بولسا، يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا سۆزدىن يېڭىلىشمايدۇ.) («دىۋان»، 1 ـ توم، 123 ـ بەت)

بىلىملىك ئادەمنى ئەززەتلەپ،
سۆزىنى ئىشىت،
پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر.

(ئالىم ـ دانىشمەن ۋە ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئەردەم (پەزىلەت) لىرىنى ئۆگەن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىش يۈزىدە كۆرسەت) («دىۋان»، 1 ـ توم، 558 ـ بەت)

ئىگەمنى ماختايمەن،
بىلىمنى توپلايمەن.
كۆڭۈلنى تۈگىمەن،
پەزىلەت ئۈستىگە يۆتكىلىدۇ.

(«دىۋان»، 2 ـ توم، 353 ـ بەت)

بىلىملىك ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىدىن نەسىھەت ئال،
ياخشى سۆز تەسىر قىلسا قەلبىڭگە سىڭەر.

(«دىۋان»، 3 ـ توم، 221 ـ بەت)

دېمەك، مەھمۇد قەشقىرى ئىلىم ـ مەرىپەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق كىشىلەرگە «توغرا نىشان كۆرسىتىشنى»، «يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىشنى» («دىۋان»، 1 ـ توم، 7ـ بەت) مەقسەت قىلىدۇ. جۈملىدىن بىلىملىك بولۇشنى ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلىتى دەپ قارايدۇ. شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا:

ئوغلۇم، ساڭا ئەدەپ ـ ئەخلاقنى مىراس قالدۇرىمەن، سەن ئاقىل ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە باققىن. («دىۋان»، 3 ـ توم، 597 ـ بەت).

ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرىر، نامى قالار. («دىۋان»، 3 ـ توم، 502 ـ بەت)

ئادەم بالىسى يوقىلار،
ياخشى ئېتى قالار. («دىۋان»، 3 ـ توم، 524 ـ بەت).

بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا،
سەنمۇ ئوچۇق چىراي كۆرسەت،
يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت،
ياخشى سۆز بىلەن شۆھرەت قازىنىشنى تىلىگىن.

(بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا، سەنمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن باق. شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلە بول، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت) («دىۋان»، 3 ـ توم، 58 ـ بەت) دەپ يېزىپ، بىلىملىك بولۇش ئەڭ ياخشى پەزىلەت، ئۆگىنىش دېمەك ھالقىش، يۈكسىلىش دېمەك، دېگەن روھنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيدۇ.

مەھمۇد قەشقىرى بىلىم ئىگىلەشتە، بىلىملىك ئادەم بولۇشتا تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى، بىر تىلنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ئەقىلنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى، يېڭى بىر تىلنى ئۆگىنىش يېڭى ئەقىلنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن.

مەھمۇد قەشقىرى تۈرك تىلىغا، بولۇپمۇ خاقانىيە تىلىغا نىسبەتەن

ئالاھىدە مۇھەببەت باغلاپ، ئەينى ۋاقىتتا تۈرك تىلىنىڭمۇ ئەرەب تىلى بىلەن «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى»، تۈرك تىلىنى «ئۆگىنىش ـ ئەقىل تەقەززاسى» ئىكەنلىكىنى («دىۋان»، 1 ـ توم، 3 ـ بەت) چوڭقۇر چۈشىنىپ، «يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش»، «توغرا نىشان كۆرستىش» نى («دىۋان»، 1 ـ توم، 7 ـ بەت) مەقسەت قىلىپ، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۈچۈن، جۈملىدىن ئەرەب خەلقى ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت «ئەدەبىي يادىكارلىق، پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق»، «تەلەپكە لايىق قوللانما» نى («دىۋان»، 1 ـ توم، 7ـ بەت) تۈزۈپ بەرگەن.

مەھمۇد قەشقىرى بىر تەرەپتىن، «ئەردەم باشى تىل» (پەزىلەتنىڭ بېشى تىل) دەپ، بىلىملىك بولۇش، پەزىلەتلىك بولۇش — تىل ئۆگىنىشتىن باشلىنىدۇ، تىل ئۆگىنىش، بىر يېڭى تىلنى ئىگىلەش «يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغانلارغا شوتا» (دىۋان، 1 ـ توم، 7 ـ بەت) دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، گۈللىنىپ، ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى» كۆرۈپ يەتكەن. شۇڭا مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ»، ئەقىل تەقەززاسى، (دىۋان، 1 ـ توم، 2 ـ بەت) ئەرەب خەلقىمۇ تۈركچە ئۆگىنىشى كېرەك، دەپ قاراپ، «دىۋان» پۈتكەندىن كېيىن ئاباسىيلار خەلىپىسىگە سوۋغات قىلىپ، خانلىقنىڭ كۈچى ئارقىلىق قاراخانىيلارنى مەركەز قىلغان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر مەدەنىيىتىنى، يەنى شەرق مەدەنىيىتىنى پۈتۈن ئەرەپ ئەللىرىگە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنى كۆزلىگەن.

شۇڭا، بۇ قوش تىللىق سېلىشتۇرما لۇغەت ئېلان قىلىنغاندا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە يۈكسەك مىللىي ئىپتىخارىنىڭ مېۋىسىدۇر.

مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي ئىستىلنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ چوڭ ئىلمىي ئىجادىيەتنى ئاۋۋال ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان» دا نەقىل كەلتۈرگەن نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەردە:

بۇ جاھاندا ياشاپ بولماس چەكمەي جاپا،
ھالاۋەتنى كۆرمەي تۇرۇپ دۇنيا تۈگەر.

(«دىۋان»، 1 ـ توم، 548 ـ بەت).

بويۇنتاۋلۇق قىلسا،
بويۇن زەنجىرلىنىدۇ.

(«دىۋان»، 2 ـ توم، 496 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بەت)

كىم ئۆلۈمدىن قاچسا،
ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ.
(«دىۋان»، 2 ـ توم، 490 ـ بەت)

بىلىمنى ئىزدىدىم، دانىشمەننى تاللىدىم.
ئۆزۈمنى ئايرىدىم،
ئاق ياللىق ئېتىم يېشكىلىك تۇرىدۇ.
(«دىۋان»، 3 ـ توم، 316 ـ بەت)

دەپ يېزىپ، ئىلىم ـ پەن يولىدا جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن.

مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىش ئۈچۈن 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشاۋاتقان شەھەر ـ قىشلاقلارنى، كەڭ يايلاقلارنى، دالا ـ قىرلارنى كېزىپ يۈرۈپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئالىم «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق يازغان: «شۇڭا مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى، مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ ئوبدان رەتكە سېلىپ چىقتىم.

ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋان لۇغەتت تۈرك ـ تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئات قويدۇم». («دىۋان»، 1 ـ توم، 3 ـ بەت).

دېمەك، ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق» نى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەممە جايلىرىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان. ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ ئامۇ، سىر دەياسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا جايلاشقان ئۇيغۇر، ياغما، چىگىل، پەچەنەك، قارلۇق، قىپچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرت، باسمىل، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز، توخسى، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، تۈركمەن قاتارلىق 20 قەبىلىنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرگەن. قەبىلەرنىڭ ئىسمى، ئادەم سانى، جايلىشىشى، قەبىلە تۈزۈلۈشى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ خاتىرىلىگەن. تىل، تارىخ، مەدەنىيەت، ئاسترونومىيە، ئېتنوگرافىيە، تېبابەتچىلىك، ئۆرپ ـ ئادەت، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئائىت ئىنتايىن كەڭ ۋە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى، فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى توپلاپ رەتكە سېلىپ چىققان. بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق رايونلاردىكى قەبىلىلەرنىڭ سۆزلۈك،

تەلەپپۇز، گرامماتىكا جەھەتتىكى ئورتاقلىقى ۋە پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ئومۇمىي قانۇنىيەتنى تېپىپ چىققان.

مەھمۇد قەشقىرى بۇ قامۇسنى تۈزۈش ئۈچۈن 20 يىل ئىشلىدى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىلمىي ئىستىلنى جارى قىلدۇردى. ئېلىمىز ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، ئالىمنىڭ بۇ خىل ئىلمىي ئىستىلىنى تەشۋىق قىلىش، قەدىرلەش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ توغرا ئىلمىي ئىستىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈش جەريانىدا ئىپادىلىگەن ئىجادچانلىق روھىدۇر.

مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان» نىڭ كىرىش سۆزىدە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»، «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى - يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم. ھەر بىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا ئاسان بولىدىغان تۈپ سۆزلىرىنى ئالدىم» ۋە «جۈملىدىن تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۆرگەن، بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىدىن، قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال - تەمسىللەردىن مىساللار كەلتۈردۇم؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرمۇنچە ئىبارىلەرنى كىرگۈزدۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتاب يېڭىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتتى» («دىۋان»، 1 - توم، 8 - بەت). دېمەك مەھمۇد قەشقىرى باشقىلار ماڭغان ئىزدىلا توختاپ قالماي، ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ نەتىجە ۋە تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە مەدەنىيەت نەتىجىسىنى يارىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، داۋاملىق ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىرىنچى ئالتۇن دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شاھانە ئەسىرىنى ياراتتى.

مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان» نى ئىجاد قىلىش جەريانىدا، ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن ھەر بىر سۆزلۈكنى قايتا - قايتا دەلىللەپ، ئەتراپلىق ئىزاھلىغان. شۇڭا، سۆزلۈكلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى توغرا ۋە ئېنىق بولۇپ، تارىخ سىنىقىدىن ئۆتكەن.

مەسىلەن، «كەنت» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا «كەنت» دېگەن شەھەر دېگەنلىك بولىدۇ، دەپلا توختاپ قالماي،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



بەلكى قەشقەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، «قەشقەر ـ 〈ئوردا كەنت〉، 〈خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز〉، چۈنكى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان. بۇ يەر تۆۋەن چىندۇر» دەپ يېزىپ، قەشقەرنىڭ ئورنى، ھاۋاسى، كىم تۇرغانلىقىنى، نەگە تەۋەلىكىنى ئېنىق يازغان («دىۋان»، 1 ـ توم، 447 ـ بەت).

«ئوپال» سۆزىنى چۈشەندۈرگەندە ـ مۇ «بىزنىڭ يۇرت» دەپ ئېنىقلىغۇچى سۆز بىلەن تەكىتلىگەن («دىۋان»، 1 ـ توم 99 ـ بەت). ئوپالنىڭ نامى تا ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق.

سۆزلۈكلەرگە ئىزاھات بەرگەندە خەلق ئارىسىدىكى جانلىق ماقال ـ تەمسىللەردىن، شېئىر ـ قوشاقلاردىن پايدىلانغان، بۇنىڭ بىلەن سۆزلۈكلەرنىڭ ئىزاھاتى تېخىمۇ روشەنلىككە، ئېنىقلىققا ئىگە بولغان، كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمىغان.

مەسىلەن، «قىزىل» سۆزىنى چۈشەندۈرگەندە، «قىزىل ـ قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى» دەپ ئىزاھ بېرىشتىن باشقا، بۇ دەريانىڭ باھار پەسلىنى تەسۋىرلەيدىغان قوشاقنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ دەريانى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ. مەسىلەن:

قىزىل، سېرىق (چېچەكلەر) بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ،
يېشىل رەيھانلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ،
بىر ـ بىرىگە يۆگىشىپ (تۇرماقتا)،
ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ.
(«دىۋان»، 1 ـ توم، 513 ـ بەت)

ئات سۆزىنى چۈشەندۈرگەندە: «قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرۈپ، ئات سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىزاھلايدۇ («دىۋان»، 1 ـ توم، 48 ـ بەت).

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىگەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش، ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش ئەنئەنىسى زور مەنىۋى بايلىق. بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئالغا باستۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ. بىز بۇ خىل روھنى قەدىرلىشىمىز، يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى تەلەپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىناق، جۇشقۇن، يېڭىلىقتا، ئىجادچانلىقتا ئىنتىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. مەھمۇد قەشقىرى بۇ جەھەتتە بىز ئۈچۈن ئۆرنەك ۋە ئۈلگە.

# كروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە مەسىلىلىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىم

ھەبىبۇللا خوجا (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

كروران قەدىمكى خارابىسى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي مېرىدىئان 89°55′22″ غا، شىمالىي كەڭلىك 40°29′55″ غا توغرا كېلىدۇ. بۇ خارابىلىك 1900 - يىلى 3 - ئايدا شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە-چى سېۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى ئۆردەك ئىسىملىك ئۇيغۇر يول باشلىغۇچى تەرىپىدىن بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە بايقالغان، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، سېۋېن ھېدىن يەنە بىر ئەترەتنى باشلاپ، ئىككىنچى قېتىم كروران خارابىسىغا بېرىپ، ئۇ يەرنى قېزىپ، يەر ئاستىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياۋروپاغا ئېلىپ كەتكەن.

كرورانىنىڭ بايقىلىشى چەتئەللەردە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. سېۋېن ھېدىندىن كېيىن ئامېرىكىلىق خونتىڭتون، ئەنگلىيىلىك ستەين، جۇڭگولۇق خۇاڭ ۋېنبى، چېن زۇڭچى قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى - ئاخىر مۇشۇ خارابىلىككە كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كرورانغا دائىر خەۋەر، ماقالىلەر ۋە مەخسۇس كىتابلارنى يېزىپ، ئىلىم ساھەسىدە بەس - مۇنازىرە قوزغاپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىدە ئۇخلاپ ياتقان بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ داڭقىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا چىقارغان.

گەرچە بەس - مۇنازىرە قىلغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن كرورانغا دائىر بەزى مەسىلىلەر تاكى ھازىرغىچە ئېچىلمىغان سىر بولۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن: بۇ خارابىلىك ھەقىقەتەن كروران شەھىرىمۇ - ئەمەسمۇ؟ كروران شەھىرى كروران پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختىمۇ؟ بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىلىشىش سەۋەبى نېمە؟ دېگەندەك. مەن بۇ ماقالەمدە يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە بىۋاسىتە توختالماي، پەقەت كروران شەھىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋاقتى تارىخى - جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە دەسلەپكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

www.uyghurkitap.com



## كروران شەھىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋاقتى

1. كروراندىكى دېھقانچىلىق ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغاندا، كروران شەھىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى كروران دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ئىش. خەن سۇلالىسى لوپنۇر رايونىنىڭ كروران قاتارلىق جايلىرىدا دېھقانچىلىقنى قانات يايدۇرغان بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىش ئەھۋالى ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بويىچە مۇنداق بولغان:

مىلادىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى (يۈەنپىڭنىڭ 4 - يىلى) پىشامشان دۆلىتىنىڭ تۇنجى پادشاھى خەن سۇلالىسىدىن ئادەم ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

مىلادى 76 - يىلى خەن سۇلالىسى ئاراتۇرۇك، كروران قاتارلىق جايلاردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇرغان.

مىلادى 119 - يىلى، بەن يۇڭ غەربىي دىيارنىڭ ئەمەلدارىغا 500 ئادەم ئەۋەتىپ كروراندا تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن.

شەرقىي خەن سۇلالىسى (ياكى ۋېي، جىن سۇلالىسى) مەزگىلىدە، دۇنخۇاڭ بېگى جيۇچۈەن، دۇنخۇاڭلاردىن 1000 لەشكەرنى يۆتكەپ، كروراندا دېھقانچىلىق قىلدۇرغان.

يۇقىرىدىكى «كروران» كروران دۆلىتى ھالاك بولۇپ، بىر - ئىككى ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، ئۇ ھەرگىز كروران دۆلىتىنى كۆرسەتمەيدۇ. يۇقىرىدىكى دېھقانچىلىق ئەھۋالىدىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچىدىن، كروران شەھىرى مەۋجۇد بولغان، بەلكى سۇ - تۇپرىقى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا باپ كەلگەن. شۇڭا خەن سۇلالىسى بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئاچقۇزغان. ئىككىنچىدىن، كروران دۆلىتى مەۋجۇد بولغان چاغدا، كروران خارابىسى جايلاشقان رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭراق ئاھالىلەر نۇقتىسى شەكىللەنمىگەن، دېھقانچىلىقنى قانات يايدۇرۇش مىلادىدىن كېيىن بولغان.

2. كروران خارابىسىدىن چىققان كۆپىنچە ھۆججەت ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى مىلادىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملار، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكىلەر كروراندىن يىغىۋالغان ۋە قازغان يىپەك، يۇڭ، پاختا بۇيۇملار ھەم ساپال قاچا پارچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى نەرسىلەر بولغان.

جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك تەكشۈرگۈچىلەر كروران خارابىسىدىن ئېرىشكەن ياغاچ تاختا ياكى قەغەز ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىمۇ مىلادىدىن كېيىنكى ئىشلار بولغان.

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، گەرچە كروراندا ئىپتىدائىي قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانلار پائالىيىتى بولسىمۇ، ئەمما كروراننىڭ شەھەر سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەن مەزگىلى ئەڭ بالدۇر بولغاندا غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى

مەزگىلى بولۇشى لازىم.

3. كروراننىڭ يىپەك يولىدىكى ئۆتەڭ بولۇشى مىلادىدىن كېيىنكى ئىش. بەزى ئالىملار كروران كروران دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولۇش سۈپىتى بىلەن يىپەك يولىدا ئۆتەڭلىك رولىنى ئوينىغان، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇبھىسىزكى، كروران قەدىمكى يىپەك يولىدا ھەقىقەتەن مۇئەييەن رول ئوينىغان. لېكىن، كروران قايسى ۋاقىتتا يىپەك يولىدىكى ئۆتەڭگە ئايلانغان؟ يىپەك يولى ھەققىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئىككى يول، يەنى جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول بار دېيىلگەن، 3 ـ ئەسىردە يېزىلغان. «ۋېي سۇلالىسى تەزكىرىسى» دە ئۈچ يول، يەنى جەنۇبىي يول، شىمالىي يول ۋە ئوتتۇرا يول بار دەپ يېزىلغان، بەزى ئالىملار بۇ يەردىكى ئوتتۇرا يول، ئەمەلىيەتتە «خەننامە» دىكى شىمالىي يول دەپ ھېسابلىغان. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئەينى يىللاردىكى شىمالىي يول بىلەن ئوتتۇرا يولنىڭ يۆنىلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كروراننىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

«ۋېي سۇلالىسى تەزكىرىسى» دە ئوتتۇرا يولنىڭ كرورانغا تۇتىشىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ «كروران» پىشامشان دۆلىتى ئورنىنى ئالغان كروران دۆلىتى بولماستىن، ئەكسىچە شەھەر بولغان كروراندۇر. بۇ مۇشۇ ۋاقىتتا كروران شەھىرىنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭ شەھەر سۈپىتىدە بارلىققا كېلىشى «خەننامە» دىكى شىمالىي يول بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتىن كېيىن بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

4. كروران خارابىسىدىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولغان ياغاچنىڭ دەۋرى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ.

كروران شەھىرى ئەينى ۋاقىتتا قويۇق ئورمانلىق قاپلىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەرنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شۇ جايدا ئۆسىدىغان توغراقنى ئاساس قىلغان. شەھەردە ھازىرغىچە ھەممىلا يەردە تىكلەپ قويۇلغان ياغاچلار ساقلانغان بولۇپ، دىئامېتىرى 60ـ70 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. 1～3 ـ نومۇرلۇق خارابە ئىچىدىكى ياغاچ ئەۋرىشكىلەرنىڭ ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىلادىدىن كېيىنكە توغرا كېلىدۇ. ئەتراپتىكى 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ نومۇرلۇق قەبرىلەردىن چىققان ياغاچلارنىڭ ۋاقتى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ پاكىتلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، كروراننىڭ شەھەر سۈپىتىدە بارلىققا كېلىش ۋاقتىنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن بالدۇر ئەمەس، دەپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ. جۈملىدىن شەھەر سۈپىتىدىكى كروراننىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە

www.uyghurkitap.com



پىشامشان دۆلىتى كروران دۆلىتىنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

### كروراننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي مۇھىتى

1. جۇغراپىيىلىك ئورنى. كروران شەھەر سۈپىتىدە لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كۆنچى دەرياسى بوغۇزىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئىنتايىن مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئورۇندا تۇرغان. ئەينى يىللاردا لوپنۇر كۆلى رايونى جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن بولغان بولۇپ، ستىراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى خو چۈبىڭ ھونلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خىشى كارىدورىنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ نەچچە ئەسىر ئىچىدە، لوپنۇر كۆلى رايونى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بىلەن ھونلار قايتا - قايتا تالاشقان جاي بولۇپ قالغان. كىمكى كرورانىنى ئالسا، شۇ يىپەك يولىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىگىلىگەن. كروران شەھىرى دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ، بۇ يەردە ئۇرۇش ئوتى ئۈزۈلمىگەن.

2. جۇغراپىيىلىك مۇھىتى. كروران شەھىرى غەربىي شىمال - شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدىكى قەدىمكى دەريا قىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى دەريا قىنى ئۇنىڭ ئىچىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاساسىي قۇرۇلۇشلار دەريا بويىغا سېلىنغان. قەدىمكى دەريا قىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆپ ساندىكى ساپال قاچا پارچىلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. شەھەر ئىچىدە قەدىمكى قۇدۇقلارنىڭ خارابىسى بايقالمىغان. بۇ، ئەينى يىللاردا دەريا سۈيىنىڭ مۇشۇ شەھەردىكىلەر ئىشلىتىدىغان بىردىنبىر سۇ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ قەدىمكى دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى نەچچە ئون مېتىر، چوڭقۇرلۇقى تۆت مېتىر، ھەتتا ئالتە - يەتتە مېتىر بولۇپ، كۆپىنچە شەرقتىن غەربكە يۆنەلگەن. دەريا قىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭقۇر تەبىئىي ئويمانلىقتا تارىختىن بۇرۇنقى سۇدا ياشايدىغان جانلىقلارنىڭ جەسەتلىرى كۆپ مىقداردا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

كرورانلىقلار سۇلىرى تۈتىشىدىغان لوپنۇر كۆلىنىڭ بويىدا ھايات كەچۈرگەنلىكتىن بېلىقچىلىق ئۇلارنىڭ كەسپىگە ئايلانغان.

كروراندىكى قۇرۇلۇشلاردىن ئەينى يىللاردا جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئولتۇرىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان «ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي» دەپ تونۇلغان ئۆيلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسالغان. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئاددى ئۆيلەر (بەزى ئالىملار بۇ ئۆيلەرنى شۇ چاغدىكى كروراندىكى نامراتلار رايونى دەپ قارىغان) قومۇشنى لاي بىلەن سۇۋاپ، دەرەخ شاخلىرىنى قوشامداپ ياسالغان. خەن، ۋېي سۇلالىرى مەزگىلىدە،

كروران لوپنۇر رايونىدىكى يېشىللىق ئالىمى بولۇپ، كروران شەھىرى ئەتراپىدىكى قۇرۇپ كەتكەن چوڭ - چوڭ توغراقلىقنى هازىرغىچە كۆرگىلى بولىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، كروران گۈللەپ - ياشنىغان چاغدا، كروران رايونىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ئاز دېگەندە 40% ئەتراپىدا بولغان.

### كروران شەھىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە فۇنكسىيىسى

1. كروران شەھىرىنىڭ جايلىشىشى. كروران شەھىرىدىكى قۇرۇلۇشلار بىر قەدىمكى دەريا قىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئاساسىي قۇرۇلۇشلار دەريا قىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان «ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي» بولۇپ، سېۋىن هېدىن، ستەيىنلەر بۇ يەردىن خەن، ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇرغۇن ياغاچ تاختا، هۆججەتلەرنى تېپىپ، بۇ يەرنى جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى دەپ هېسابلىغان. «ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي» نىڭ ئۇدۇلىدىكى دەريا قىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ياغاچتىن ياسالغان هەيۋەتلىك ئۆينىڭ خارابىسى بولۇپ، ئۇ ئەينى يىللاردىكى كروران شەھىرى هۆكۈمرانلىرىنىڭ «ئوردىسى» بولۇشى مۇمكىن. «ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي» گە يېقىن بولغان غەرب تەرەپتە هەجمى 100 كۋادرات مېتىردەك كېلىدىغان قومۇش دۆۋىسى بولۇپ، ئېهتىمال ئات ئېغىلى بولۇشى مۇمكىن. دەريا قىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىدا، كېسەك، لاي ۋە دەرەخ شاخلىرى بىلەن ياسالغان چوڭ بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، كرورانىنى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى بۇددا بۇتخانىسى دەپ قارىغان، لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭدىن بۇددا ئىبادەتخانىسىغا سىمۋول بولىدىغان هېچقانداق نەرسىلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ دەپ، ئۇنى تۇر دەپ هېسابلىغان.

كروران شەھىرى سېپىلى تۆت چاسا شەكىللىك بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان شەرقىي قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 333.5 مېتىر، غەربىي قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 329 مېتىر، جەنۇبىي قىسمى بىلەن شىمالىي قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 327 مېتىر، ئومۇمىي هەجمى 10.824 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، كروران شەھىرى ئاھالىسى بىرقەدەر كۆپ، خېلى ئاۋات شەھەر بولغان. ساقلىنىپ قالغان خارابىلىكتىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇكى، كروران شەھىرى ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن. يەنى ئوتتۇرا قىسمى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسمى مەمۇرىي رايون، جەنۇبىي قىسمى بىلەن غەربىي جەنۇبىي قىسمى ئولتۇراق رايون، تۇرنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىمالى قىسمى هەربىي رايون (شەھەر مۇداپىئە رايونى) بولغان.

2. كرورانىنىڭ شەھەر فۇنكسىيىسى. كروران شەھىرى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بىر كىچىك

www.uyghurkitap.com



ئاھالىلەر نۇقتىسىدىن تەرەققىي قىلىپ دېھقانچىلىق ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئاساس قىلغان شەھەرگە ئايلانغان، كېيىن «ۋېي سۇلالىسى تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنغان ئوتتۇرا يول تۇتاشقانلىقتىن، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ بولغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي دىياردا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى تۇرىدىغان جايغا ئايلىنىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي دىيارنى باشقۇرىدىغان قوماندانلىق مەركىزىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. كروران دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھەربىي ئىشلار ۋە دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان شەھەردىن تەرەققىي قىلىپ قاتناش ۋە سىياسىي قاتارلىق كۆپ فۇنكسىيىگە ئىگە ئۇنىۋېرسال شەھەرگە ئايلانغان.

3. كروران شەھىرىنىڭ خارابىلىشىشى. كروران شەھىرى مىلادى 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ پەيدىنپەي خارابىلىشىشقا قاراپ ماڭغان.

كرورانىنىڭ خارابىلىشىشى تەبىئىي ئاپەت ۋە ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كونكرېت ئېيتقاندا، دەريا سۈيىنىڭ بارغانسېرى ئازايغانلىقىدىن بولغان. دەسلەپتە كروران شەھىرى غەربىي دىياردىكى «ئاشلىق ئامبىرى» دەپ تونۇلغان، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سۇ ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، تېرىلغۇ يەرمۇ مۇناسىپ ئازلاپ كېتىپ، زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىنمىغان. يەرلەر قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن، باراقسان توغراقلىق ئازايغان ۋە قۇرۇپ قالغان. ئورمانلىق كۆلىمىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، قۇرغۇنچىلۇق بورانلار چىقىپ، ئەسلىدىكى تۇپتۈز يەر يۈزىدە چوڭقۇر جىلغىلار بارلىققا كەلگەن، بۇنىڭ بىلەن يارداڭ پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. گەرچە كرورانلىقلار ئۆزىنىڭ شەھىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئىنتايىن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇھىتنىڭ كۈنسېرى ناچارلىشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، ئاخىرى ئامال قىلالماي، بۇ يەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان.

تەخمىنەن 6 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، كروران ئادەم ئاياغ باسمايدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغان.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**


1. شى گوجىن: «لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆچۈشىنىڭ تارىخىي جەريانى ھەم ئۇنىڭدىكى يېڭى بايقاشلار»، «غەربىي دىيار تەتقىقاتى».
2. «خەننامە» 96 ـ جىلد «پىشامشان تەزكىرىسى» (خەنزۇچە).
3. «كېيىنكى خەننامە» 77 ـ جىلد «بەن يۈڭنىڭ تەرجىمالى» (خەنزۇچە).
4. سېۋىن ھېدىن: «ئاسىيا ئوتتۇرا رايونىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» (خەنزۇچە).
5. لى جياڭپىڭ: «ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى ھاۋارايى ئۆزگىرىشلىرى» (خەنزۇچە).


(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى)

# شىنجاڭنىڭ ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

غەيرەتجان ئوسمان (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار تەبىئەت بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئېلىشىش جەريانىدا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشقا ئىنتىلگەن. ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق مانا مۇشۇ خىل تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن مۇھىم بىر مەنىۋى ئەمگەك.

غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئاسترونو-مىيىلىك ۋە كالېندارچىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىلى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىنلا بارلىققا كەلگەن. لېكىن، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ قايسى تارىخىي باسقۇچىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان، دېگەن مەسىلىگە يازما ماتېرىياللار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېنىق جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بەزى ئەھۋاللارغا ئاساسەن قىياسىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى 4000 يىل بۇرۇنقى بەزى قەدىمكى قەبرىلەر ئالتە ئايلانمىلىق ياغاچ قوزۇقلارنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، ئارخېئولوگلار بۇنى قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىنكاسى دەپ ھېسابلاشقان. ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي (يىنشەن) تېغىنىڭ غەربىدىكى بىر قىيالىقتا بىر ئادەمنىڭ ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۈنگە سالام قىلىۋاتقان، كۆلۈۋاتقان قىياپىتى ئويۇلغان. چوغاي تېغىدا يەنە ئاسمان ئىلاھلىرى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ھەر خىل تاش سۈرەتلەر بار. سۈرەتتە ئاسمان ئىلاھلىرىنىڭ يېنىغا يۇلتۇزلار تۈركۈمى، كۈن ۋە ئاي سىزىلغان. بۇلار بىرقەدەر ئاددىي ۋە نوقۇل قۇياش ئېتىقادچىلىقى روھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ قىيا تاش سۈرەتلىرىدە ئادەم بىلەن قۇياش چوقۇنۇش سوبيېكتى ۋە چوقۇنۇش ئوبيېكتىدىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيە شەكلىدە روشەن ئىپادە قىلىنغان.

تارىم ۋادىسىدىكى قۇرۇقتاغدا كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى تەسۋىرلەنگەن «ئىتنىڭ كۈننى يېۋېلىشى» گە دائىر بىر تاش سۈرەت بار. قەدىمكى كىشىلەر تەڭرى ئىتى كۈننى يەۋالغاندا، كۈن

www.uyghurkitap.com



كۆرۈنمەي قالىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنداق قاراش گەرچە ئىلمىي بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن قەدىمكىلەرنىڭ بۇنداق ئاسترونومىيىلىك ھادىسىگە دىققەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۇرپان رايونىدىكى قوچۇ خانلىقى دەۋرى (مىلادى 460 ـ يىلىدىن 640 ـ يىللارغىچە) گە تەئەللۇق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە كاناپ ۋە شايىلارغا سىزىلغان ئاسمان ـ زېمىن ۋە يۇلتۇزلار چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 38 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ تورۇسىدا 28 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بىر سۈرىتى بولۇپ، بۇلار قوچۇ خانلىقى دەۋرىدىكى ئاسترونومىيىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشتە مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. گابائىن خانىم قاتارلىقلار ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» ئارىسىدىمۇ ئاسترونومىيە، ھاۋارايى، پالچىلىققا ئائىت سەھىپىلەرنىڭ بارلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تەقۋىم (مۇنەججىم) چىلىكىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن دالالەت بېرىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملەردىن ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار ساقلانغان.

سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە تەڭرىقۇت تاڭ سەھەردە ئوردىدىن چىقىپ كۈنگە تىۋىنىدۇ، كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ. بىر ئىش قىلسا يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ قىلىدۇ، دەپ خاتىرىلىگەن. ھونلارنىڭ ئادىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆلگۈچىلەرنىڭ بېشى شەرققە قارىتىپ قويۇلغان. بۇ ھونلارنىڭ سول ياقنى قەدىرلەش، كۈنگە تىۋىنىش توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ماس كېلىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئاسترونومىيە ھادىسىلىرىگە دىققەت قىلغانلىقى ۋە بىخ ھالەتتىكى ئاسترونومىيىلىك ساۋاتقا ئىگە بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

غەربىي يۇرتتا قوللىنىلغان قەدىمكى كالىندارلار غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ يىلنامىچىلىك قاراشلىرى، يەنى ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردە «يېزىقسىز كالىندار» بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن يانداش ھالدا باشقا «يازما كالىندار» لار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى تېزراق قوبۇل قىلىشقا ئىنتىلىشتەك پسىخىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، قوشنا خەلقلەر ۋە چەت مەملىكەتلەرنىڭ كالىندارلىرىمۇ غەربىي يۇرتقا كىرىپ، يىلنامىچىلىك ئىشلىرىنى كۆپ

خىللاشتۇرۇۋەتكەن. ھازىرچە ئىگىلەن-گەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قەۋملەر دەسلەپ ئەنئەنىۋى «12 مۆچەل» يىلنامىسىنى ھەم ئۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى، يەنى ئۇدۇن كالېندارى، كۇسەن، ئاگنى كالېندارى، سۇلې كالېندارى، سوغدى كالېندارى، كروران كالېندارى، تۈرك كالېندارى، ئۇيغۇر كالېندارىنى، كېيىن ئەرەب شەمسىيە كالېندارى بىلەن ئەرەب قەمەرىيە كالېندارى ۋە مىلادىيە كالېندارىنى ئىشلەتكەن.

مۆچەللىك كالېندار غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن، 12 ھايۋاننىڭ نامىنى 12 يىلنىڭ بېشى قىلىپ، بۇ 12 يىلنىڭ دەۋرى قىلىنىشى ئارقىلىق يىلنامە ھېسابلايدىغان بىر خىل كالېندار. بۇ كالېندارنىڭ ئەڭ دەسلەپ قاچان، قەيەردە، قايسى مىللەتلەردە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىزدىنىپ كۆرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. مىڭباي ئىسقاق بارىب «قەدىمكى قازاقلار كالېندارى» ناملىق ئەسىرىدە «12 مۆچەل» بۇندىن 3000～5000 يىل بۇرۇنلا پەيدا بولغان، بۇنى ئالتاي تېغى ئەتراپىدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر، جۈملىدىن ئالتاي تېغى ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن، دەپ يازغان. پروفېسسور ئەھمەد زەكىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندىمۇ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى 12 مۆچەل كالېندار سىستېمىسىنى 4000 يىل بۇرۇن قوللانغان. دېمىسىمۇ ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشكە قارىغاندا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «مۆچەل» دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ تىلىغا بېرىپ تۇتىشىدىكەن. يەنە كېلىپ مۆچەل بەلگىسى قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ كۆپىنى دېگۈدەك غەربىي شىمال مىللەتلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تۆتېم قىلغان. كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، شىمالىي دى، رۇڭ قوۋملىرى-نىڭ ئانا ماكانلىرىدىن ھېسابلانغان ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى بەيلىڭمياۋ ئەتراپىدىن «12 مۆچەل» چۈشۈرۈلگەن تاش سۈرەتنىڭ تېپىلىشى بۇ ساھەدە ئېرىشىلگەن مۇھىم بىر ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ھېسابلىنىدۇ. «12 مۆچەل» نىڭ قايسى خەلقلەر تەرىپىدىن قانداق شەكىل بىلەن كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسى ھازىرغىچە يىگانە ۋە ئىناۋەتلىك خاتىرە بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىلى ۋادىسىدا ياشىغۇچى تۈركلەر يىل ھېسابىنى بىلىشتە ئادىشىپ قالغان، ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنىڭ سەۋەنلىكلەرگە يول قويماسلىقى ئۈچۈن يىلنامە توغرىلىق ئويلانغان. بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈرك خانى ئۆز خەلقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ئۇلارغا ئىسىم قويماق بولۇپ، هايۋانلارنى يىغىپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلىغان. بىرمۇنچە هايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا قاراپ ئاتقان. بۇلاردىن 12 خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئۆتكەن هەر بىر هايۋاننىڭ ئىسمى بىر يىلغا ئات بولۇپ قالغان. بۇ هايۋانلاردىن بىرىنچىسى «چاشقان» ئىمىش. دەسلەپ بۇ هايۋان ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن يىلنىڭ بېشى شۇ نام بىلەن ئېلىنىپ «چاشقان يىلى» دېيىلىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن رەت تەرتىپى بىلەن ئۆتكەن هايۋانلارنىڭ ناملىرى يىللارغا بېرىلىپتۇ. مەسىلەن، 1ـ چاشقان؛ 2ـ ئۇي — كالا (ئۇد)؛ 3ـ يولۋاس (بارس)؛ 4ـ توشقان (تاۋشغان)؛ 5ـ لەھەڭ (نېك)؛ 6ـ يىلان؛ 7ـ ئات (يۇند)؛ 8ـ قوي؛ 9ـ مايمۇن (بىچىن)؛ 10ـ توخۇ (تاقاغۇ)؛ 11ـ ئىت؛ 12ـ توڭگۇز①.

يىلنىڭ سانى «توڭگۇز» غا كەلگەندە يەنە قايتىپ «چاشقان يىلى» دىن باشلانغان.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بەرگەن بۇ مەلۇماتىدىن بىز «12 مۇچەل» نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق ئوبدان چۈشەنچىگە كەلسەكمۇ، لېكىن بۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەيمىز.

بۇ ھەقتە خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇچۇرلار ساقلانغان. ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشىگە قارىغاندا، خەنزۇلار ئارىسىدىكى مۇچەل يىلنامىسى هونلاردىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلەشكەن ئىكەن②. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دەلىلشۇناس جاۋ يى (1727 ـ 1814) بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىپ مۇنداق دېگەن: 12 مۇچەل «ئەسلى شىمالدىكى ئەللەردە كېلىپ چىققان. خەن سۇلالىسى ۋاقتىغا كەلگەندە قوغشار (هون تەڭرىقۇتى — نەقىلچىدىن) نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ يەرلىشىشى بىلەن بىللە كىرگەن (بۇ ۋاقىتتا خەن سۇلالىسى شۈەندى خاننىڭ گەنلۇ 2 ـ يىلى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 52 ـ يىلى ئىدى)، يۇقىرىلار ئارىسىدا ئۆزئارا يەتكۈزۈلۈپ، تەدرىجىي جۇڭگوغا تارقالغان.»

كېيىنكى زامان ئالىملىرىمۇ تۈركىي تىللىق قوۋملار (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار) ئىشلەتكەن بۇ خىل مۇچەل كالېندارى، ئۇلاردىن خەنزۇلارغا تارقالغان دەپ ھېسابلىغان③.

خېلى يىللاردىن بېرى جاۋ يىنىڭ بۇ قارىشى ئېلىم ساھەسىدە مۆتىۋەر ئورۇندا

---

① «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» I توم، 499 ـ بەت، ئۈرۈمچى نەشرى.

② ياڭ فۇشۆ: «ئۇيغۇر يىلنامىچىلىكى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان.

③ يۇسۇف نىرھام: «جۇڭگو پەن-تېخنىكا تارىخى»، 4 ـ توم، 2 ـ قىسىم، 552 ـ بەت، خەنزۇچە نەشرى.

تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە قولغا كەلگەن يېڭى ماتېرىياللارنىڭ يازما ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تەتقىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ناھايىتى بۇرۇنلا مۆچەللىك يىلنامە قوللىنىلغانلىقى، بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر چىن سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلىدىن 206 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىسىدىكى بامبۇك پۈتۈكلەردە بارلىقى ئىسپاتلاپ چىقىلدى①. شۇنىڭ بىلەن «12 مۆچەل» غەربتىن كېلىپ چىققان دېگەننە زەربىيە ئويلىنىشقا قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىققان جايى جۇڭگو دېگەن ئىلمىي قاراش پەن ساھەسىگە كىردى②.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەيلى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قوۋملەر ئارىسىدا قوللىنىلغان «12 مۆچەل» بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇ رايونىدا قوللىنىلغان «12 مۆچەل» بولسۇن، دەسلەپكى چاغدىلا سىستېمىلىق ھەم كېيىنكى زامانلاردا قوللىنىلغاندەك تۇراقلىق بولغان ئەمەس، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، بىر خىل ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەن ھەم جۇڭگو مىللەتلىرىگە خاس «12 مۆچەل» سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتقان.

«12 مۆچەل» نىڭ غەربىي يۇرتتا قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرمۇ خېلى يىراق زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

1900 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئا. ستەيىن قۇملۇقتا كۆمۈلگەن كروران خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسىدىن زور بىر تۈركۈم قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى تاپقان بولۇپ، بۇلار قارۇشتى يېزىقى بىلەن قەندىھار تىلىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 566 - نومۇرلۇق ۋەسىقىدە «12 مۆچەل» نىڭ مەزمۇنى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھايۋانلار نامى مۇنداق ئېلىنغان:

1. Muska — چاشقان
2. gava — گاۋا (ئۆكۈز)
3. vayagra — ۋاياگرا (يولۋاس)
4. saka — ساكا (توشقان)
5. naga — ناگا (ئەجدىھا)
6. jamdunamca — جامدۇنامكا (يىلان)
7. alsa — ئالسا (ئات)
8. pasa — پاسا (قوي)
9. Makad'a — ماكادئا (مايمۇن)

---

① ② لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ 1995 - يىلى نەشرى، 127 - بەتكە قاراڭ.

uyghurkitap.com



10. kukud'a — كۇكۇدئا (توخۇ)
11. svana — سۋانا (ئىت)
12. sugara — سۇگارا (توڭگۇز)

قەدىمكى سۇلى خانلىقىنىڭ پەنتۇ شەھىرىگە يېقىن ئىبادەتخانا (بۇگۇنكى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تۇمشۇق قەدىمكى ئىزى) سىدىن قېزىۋېلىنغان بىر پارچە ۋەسىقىدە «12 مۈچەل» ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادى IV — V ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇلاردا «sahi — ساخى» (توشقان)، «sazda — سازدا» (يىلان) ۋە «siza — سىزا» (قوي) قاتارلىق ئۈچ مۈچەلنىڭ نامى ئېلىنغان.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەردىن ۋە دۇنخۇاڭ مۇگاۋ غارىدىكى بۇددا نوملىرى ھوجرىسىدىن بايقالغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادى V ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ ھەججەتلەردىمۇ «12 مۈچەل» قوللىنىلغان. ئەنگلىيىلىك ئالىم خ. ۋ. بايلېينىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مۈچەل ناملىرىنىڭ تەرتىپى «mula — مۇلا» (چاشقان)، «guha — گۇخا» (ئۆكۈز)، «muyi — مۇيى» (يولۋاس)، «sahaica — ساخايكا» (توشقان)، «na — نا» (ئەجدىھا)، «ssayada — سسايادا» (يىلان)، «assa — ئاسسا» (ئات)، «passa — پاسسا» (قوي)، «makala — ماكالا» (مايمۇن)، «krnga — كرنگا» (توخۇ)، «sve — سۋې» (ئىت)، «pasa — پاسا» (توڭگۇز) ئىكەن.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى كۇسەن ۋە ئاگنى خانلىقى تەۋەسىدىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەر تەخمىنەن مىلادى V ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، كۇسەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان مۈچەل ناملىرى «arsakarsa — ئارساكارسا» (چاشقان)، «lokso — لوكسو» (ئۆكۈز)، «meviyo — مېۋىيو» (يولۋاس)، «sase — ساسى» (توشقان)، «nage — ناگې» (ئەجدىھا)، «auk — ئائۇك» (يىلان)، «yakwe — ياكۋې» (ئات)، «saiyye — سايىيې» (قوي)، «mokomske — موكومسكې» (مايمۇن)، «kranko — كرانكو» (توخۇ)، «ku — كۇ» (ئىت)، «suwo — سۇۋو» (توڭگۇز) دىن ئىبارەت. ئاگنى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىكى مۈچەلنىڭ نامى ھازىرغىچە تولۇق ھالەتكە كەلگىنى يوق. ئۇلاردىن پەقەت «ypesumis — يېپېسۇمىس» (يولۋاس)، «nake — ناكې» (ئەجدىھا)، «yuk — يۇك» (ئات)، «sos — سوس» (قوي)، «mkow — مكوۋ» (مايمۇن)، «ku —

كۆ» (ئىت) نى بىلگىلى بولىدۇ.

يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى» دا يەتتە يىلنامە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، قوي يىلى (743 - يىلى)، توخۇ يىلى (745 - يىلى)، توڭگۇز يىلى (747 - يىلى)، يولۋاس يىلى (750 - يىلى)، توشقان يىلى (751 - يىلى)، قوي يىلى (755 - يىلى)، توخۇ يىلى (757 - يىلى) دېگەندەك. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دىمۇ ئوخشاشلا يەتتە يىل نامى قەيت قىلىنغان. بۇلار يىلان يىلى (741 - يىلى)، قوي يىلى (743 - يىلى)، مايمۇن يىلى (144 - يىلى)، توخۇ يىلى (745 - يىلى)، توڭغۇز يىلى (747 - يىلى)، چاشقان يىلى (748 - يىلى)، ئەجدىھا يىلى (752 - يىلى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

دېمەك، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ئاشۇ دەۋرلەردە «12 مۆچەل» لىك يىلنامىنى قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇلار گوبى چۆللىكىدىن شىنجاڭغا سۈرۈلۈپ ماكانلاشقاندىن كېيىن، داۋاملىق يوسۇندا «12 مۆچەل» نى قوللانغان. فېڭ جياشىڭ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يىلنامىسى تەخمىنەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى باسقۇچ «12 مۆچەل» لىك يىلنامىنى قوللىنىش باسقۇچى؛ ئىككىنچى باسقۇچ بەش ئېلېمېنتنى مۆچەلگە ماسلاشتۇرۇپ ھېسابلاش باسقۇچى؛ ئۈچىنچى باسقۇچ بەش ئېلېمېنتتىن باشقا يەنە رەقەملەرنى قوشۇپ ھېسابلاش باسقۇچىدۇر[1].

بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ھەر بىر مۆچەلگە (12 يىلغا) يەنە تۆپۈ (تۇپراق)، ئالتۇن (ياكى تۆمۈر)، ئوت، سۈب (سۇ)، ھاۋا (يەل) قاتارلىق بەش ئېلېمېنتنى بەش قېتىم تەكرارلاپ قوشۇپ، (مەسىلەن، كۆسكۈتوپۇ، كۆسكۈ ئالتۇن، كۆسكۈ ئوت، كۆسكۈ سۈپ، ئود توبۇ… دېگەندەك)، 60 يىل ھېسابلاپ، 60 يىلنى بىر دەۋر دەپ قارىغان[2].

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كالېندارى بويىچە بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچ ئاي، ئىككىندى ئاي، ئۈچىنچ ئاي، تۆتىنچ ئاي، بىسىنچ ئاي، ئالتىنچ ئاي، يەتىنچ ئاي، سەكىزىنچ ئاي، توققۇزىنچ ئاي، ئونىنچ ئاي، بىر يىگىرمىنچ ئاي، ئىككى يىگىرمىنچ ئاي دەپ ئاتالغاندىن باشقا، يەنە ھىندى كالېندارى بويىچە بىرىنچى ئاي «ئەرەم ئاي»، ئىككى يىگىرمىنچ ئاي (12 - ئاي) «چاقسابۇت ئاي»[3] دەپمۇ ئاتالغان.

---

① «فېڭ جياشېڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى توپلىمى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1987 - يىلى.

② لىن مېيسۇڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى 125 - بەت.

③ چاقسابۇت —— سوغدى تىلىدا qx'spo، سانسكرىت تىلىدا sikkxabut بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «پەرھىز قىلماق».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇنداقلا بىرىنچ ئاي يەنە قەدىمكى ئىران ۋە قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە «نورۇز ئاي» (يېڭى يىل) دەپمۇ ئاتالغان. يەنە 12 ئايىنى قوزى، ئۇد (ئۇي، ئۆكۈز)، ئاراندىز (جەۋزا)، قۇچىق (سەراتان)، ئارسلان، سۈنبۈلە، ئۈلكۈ (تارازا)، چازان (چايان)، ياي (ئوقيا)، ئوغلاق، كۆنەك (دەلۋە)، بالىق (بېلىق) قاتارلىق 12 يۇلتۇزنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان.

قوجۇ ئۇيغۇرلىرى بىر ھەپتىنى يەتتە كۈنگە بۆلۈپ، ئۇلارنى باش كۈن (دۈشەنبە)، بوش كۈن (سەيشەنبە)، سوك كۈن (چارشەنبە)، كىچاتنا كۈن (پەيشەنبە)، ئاتناكۈن (ئازنا — جۈمە)، ئاتناراس كۈن (شەنبە)، بازار كۈن (يەكشەنبە) دەپ ئاتىغان ۋە سوغدىچە مىر، ماچ، ۋاچان، تىر، ئورمۇزە، ناچىت، كەۋەن دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان. قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان ئايرىم ھۆججەتلەردە يەنە ھازىرقى دۈشەنبە كۈنىدىن يەكشەنبە كۈنىگىچە بولغان بىر ھەپتە (يەتتە كۈن) نى شاماش، سىن، نېرگال، نېبۇ، مەردۇك، ئىشتار، نىسپىي دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقىمۇ مەلۇم. مىلادى XIV — XV ئەسىرلەردىن كېيىن قوجۇ ئۇيغۇرلىرى يەنە بىر ھەپتە (يەتتە كۈن) نى فەرغ مۇقەددىمە، فەرغ مۇئاخىرەت، رەشا، دەبەئە، بەلىخ، سەئىدۇ، سەئىۋە ئاقىۋەت دېگەنناملار بىلەنمۇ ئاتىغان[①]. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا مەلۇم بولۇشىچە، قوجۇ ئۇيغۇرلىرى خەنزۇ كالېندارىنىمۇ ئىشلەتكەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مۆچەللىك يىلنامىسىغا كېيىنچە يەنە موڭغۇللار ۋارىسلىق قىلغان[②]. بۇلارنى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى باشقا ئەسەرلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان بولغان مىللەتلەر ھىجرىيە كالېندارىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئېلىمىزگە كىرىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن مىلادىيە كالېندارىمۇ شىنجاڭدا قوللىنىشقا باشلىغان.

بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا مىلادىيە يىلنامىسىنى قوللىنىش ئاساس قىلىنىسىمۇ، لېكىن مۆچەللىك كالېندار، ھىجرىيە كالېندارى ۋە قەمەرىيە كالېندارى قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

---

① ئە. بايتۇر، خ. سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 636- ، 638 - بەتلەر.

② لۇئىس بازىن (فرانسىيە): «تۈركلەرنىڭ كالېندارچىلىقى تەتقىقاتى» جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1998 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

# تەكلىماكان، كىروران ۋە دولان

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

ئىنسانلار ياراتقان ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ۋە پارلاق مەدەنىيەتنى ئىنسانلارنى يۇتمەس - تۈگىمەس پائالىيەت سورۇنى بىلەن تەمىنلىگەن ئانا تۇپراقتىن ئايرىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇزاق ۋە پارلاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم ئېتنىك تەركىبلىرىدىن بولغان كىرورانلار (ھازىرقى لوپنۇرلۇقلار) بىلەن دولانلار ئەلمىساقتىن بۇيان تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ ئانا ماكاندا پائالىيەت قىلىپ كەلگەن. گەرچە خېلى يىللاردىن بۇيان تارىخ - مەدەنىيەت تېمىسىغا بېغىشلانغان تەتقىقاتلاردا كىروران بىلەن دولان ئايرىم - ئايرىم تىلغا ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە ئۇلارنىڭ يىلتىزى بىر، جۈملىدىن كىروران بىلەن دولان، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ سىرلىق «بالىياتقۇ» دا تۆرەلگەن قوشكېزەكلەردۇر.

## 1. نامىلاردىكى ئىچكى باغلىنىش ھەققىدە

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىرەر يۇرت ياكى بىرەر مىللەت ھەققىدە گەپ بولسا، ئەڭ ئاۋۋال تىلغا ئېلىنىدىغىنى ئۇنىڭ نامى بولىدۇ. چۈنكى كۆپىنچە ھاللاردا يۇرت ياكى مىللەت ھەققىدىكى ناملار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئازدۇر - كۆپتۇر تىل، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرى سىڭگەن بولىدۇ.

ئىنچىكە كۆزەتسەك، تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان تەكلىماكاندىكى 36 بەگلىك ياكى شەھەرنىڭ ئىسىملىرىدا بىر خىل ئىچكى باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىدۇ دېگەن ھېكمەت بويىچە، كىروران، دولان ۋە پىشامشان دېگەن ئۈچ نامنىلا ئالساق، بۇ نامىلارنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرى «ان» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، بىر خىل ئىچكى ئىزچىللىق ھاسىل قىلىدۇ. روشەنكى، بۇ خىل ئىچكى ئىزچىللىق، تىل تۇغقانچىلىقى بولۇشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان، مەدەنىيەت، جۇغراپىيە قاتارلىق كۆپلىگەن جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە يىلتىزداش قەۋملەردىلا مەۋجۇت بولىدۇ.

دېمەك، كىروران، دولان، پىشامشان ۋە مىران دېگەن نامىلارنىڭ بىر خىل ئىچكى ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشى، قانداقتۇر تاسادىپىي توغرا كېلىپ

www.uyghurkitap.com



قىلىشتىن ئەمەس، بەلكى يىلتىزداش، قان ـ قېرىنداشلىقتىن بولغان، ناۋادا تەكلىماكاندىكى 36 بەگلىك ياكى شەھەرنىڭ ئىسمىنى ئەينەن ھەم تولۇق بىلىش ئىمكانىيىتى بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ناملاردىكى ئىچكى باغلىنىش ئىزنىمۇ ئوچۇق يورۇتۇپ بېرىلىشى مۇمكىن.

## 2. تىلدىكى ئورتاقلىقلار

تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تىل ئىنسانىيەتنىڭ تۈنۈگۈنى بىلەن بۈگۈنىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى خاسىيەتلىك كۆۋرۈك. تىلدىكى ئوخشاشلىق، شۇ تىلنى ئورتاق قوللىنىدىغان مىللەت ياكى قەۋملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر مىللەت بىر خىل ئورتاق تىلدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن ئېتنىك ئۇرۇق ۋە خاس جۇغراپىيىلىك رايون قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى تىلدا ھامان ساقلىنىپ، ئورتاق تىلغا زور تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان قىسمەن پەرقلەر ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر قانچە دىئالېكت ۋە يەرلىك شىۋىلەرنىڭ، جۈملىدىن لوپنۇر دىئالېكتى بىلەن «تارىم شىۋىسى» غا تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان دولان شىۋىسىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ بۇ سەۋەبتىن مۇستەسنا ئەمەس.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، تىلشۇناس ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن مىرسۇلتان ئوسمانوۋلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك تىل تەكشۈرگەندىن كېيىن، دولان شىۋىسىنى تارىم شىۋىسىغا تەۋە دەپ يەكۈن چىقاردى ھەمدە «تارىم شىۋىسى» غا: «يەكەن دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ مەكىت، مارالبېشى، ئاندىن غەربتىن شەرققە قاراپ تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇ ئاۋات، قاراتال، شايار، ھەتتا كۇچانىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغىچە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار، يەنى ئۆزلىرىنى ‹دولان› دەپ ئاتايدىغان ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان شىۋىدۇر»① دەپ تەبىر بەردى.

ۋاھالەنكى، دولانلار تەۋە بولغان «تارىم شىۋىسى» بىلەن كرورانلىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان لوپنۇرلۇقلارنىڭ دىئالېكتىدا پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم سۆزلۈكلەرنىڭ دىئالېكت پەرقلىرىدىن ھالقىغان ھالدا ئوپمۇ ئوخشاش بولۇشى ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. تۆۋەندىكىلەرنى لوپنۇر ۋە دولاندا خۇددى بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققاندەك ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە ئىستېمال مەنىسىمۇ ئوخشاش بولغان بۇ خىل سۆزلۈكلەرگە مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن: «تىرنا» (بېلىقنىڭ بېلىجاندىنمۇ كىچىك بولغان بالىلىرى)، «ساچقاق» (بېلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان جەگە، لىم ... دېگەنگە ئوخشاش ياغاچ بولۇپ، بەزىدە «سىنجا» مۇ دېيىلىدۇ)، «لاڭقا» (ياغاچتىن ياسالغان توسما)، «تاتقۇ» (قورۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ قويۇلغان ئاشلىقنى تارتىپ تۈزلەيدىغان ياغاچ سايمان)، «دۇمبەل»

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتچىسى» ژۇرنىلى. 1987 ـ يىل 4 ـ سان.

(ئويماننىڭ ئەكسى، تۆپە، تۆپىلىك)، «شەددە» (مازارلاردا قەبرە بېشىغا قادالغان بەلگە)، «شىنە» (دوغچىلار ئىشلىتىدىغان شىرنە، مۇراببا)، «مۇلغۇي» (موزدۇزلار ئىشلىتىدىغان شىلىم)... .

يۇقىرىقىغا ئوخشاش تاق سۆزلۈكلەردىن باشقا، بەزى قوشماقلاردىمۇ ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت. مەسىلەن، لوپنۇر رايونىدىكى «خامان ناخشىسى» دا:

«سەنمۇ غەرىپ، مەنمۇ غەرىپ،
چۆللۈككە بۇغداينى تېرىپ،
ئالتە توپاققا قاتىپ،
ئالايىلمان قىلغان غەرىپ.»[①].

دېيىلگەن بولسا، دولان رايونىدىكى «خامان ناخشىسى» دا:

«مەنمۇ غەرىپ، سەنمۇ غەرىپ،
چۆللۈككە بۇغداينى تېرىپ،
ئالتە چاشقاننى قوشۇپ،
لاي - لاي ئېيتقان ئول غەرىپ.»

دېيىلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئىككى كۇبلېت قوشاق ئەمەلىيەتتە بىر قوشاق بولۇپ، پەقەت «ئالتە توپاق» نىڭ «ئالتە چاشقان» غا ئالماشتۇرۇلغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەزمۇنى ئوپمۇ ئوخشاش.

ئىزدىسەك مۇنداق ئوخشاشلىقلارنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشىدا گەپ يوق. چۈنكى كىروران بىلەن دولان تەكلىماكاندىن ئىبارەت سىرلىق بالياتقۇدا تۆرەلگەن قوشكېزەكلەر بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ قوشكېزەكلەرگە خاس نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال.

### 3. رىۋايەتلەردىكى ئوخشاشلىقلار

رىۋايەت تارىخنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئەمما تارىخ رىۋايەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس. رىۋايەتنىڭ كېلىش مەنبىئى يەنىلا رېئاللىق بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئەل ئارىسىدا كىروران ۋە دولان ھەققىدە بەزىبىر رىۋايەتلەر ساقلانغان بولۇپ، رىۋايەتلەردە ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي مەزمۇنىنى ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ كىروران بىلەن دولاننىڭ بىر قېتىملىق مىسلىسىز قۇم ئاپىتىدە ۋەيران بولغانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر تېخىمۇ ئوخشاش بولۇپ، مەكىت ناھىيىسىدىكى دولانلار ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت ساقلانغان: «ئاتا - بوۋىلارنىڭمۇ ئاتا - بوۋىسى ياشىغان ئول زاماندا، كىشىلەر باغۋارانلىرىغا تام ياكى چىتلاق ئەتمەيدىكەن؛ تۈرلۈك - تۈرلۈك مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتسىمۇ يېگىلى ئېغىز يوق ئىكەن. مېۋە - چېۋىلەر پىشىپ ئۆزى يەرگە چۈشۈپ، توخۇ - توشقان ۋە باشقا جانىۋارلاردىن ئاشقىنى تۇپراققا ئارىلىشىپ ئوغۇت بولۇپ كېتىدىكەن. زەل - زىرائەتلەر شۇ قەدەر ئوخشايدىكەنكى، ئالتە ئايلىق ئات چىشلىق قوناقلار پىشقاندا شوتا قويۇپ چىقىپ ئۈزمىسە، ئادەمنىڭ بويى يەتمەيدىكەن. ئادەملەر باي - باياشاتلىق ئىچىدە ھەربىر كۈننى مەشرەپ ئويناش بىلەنلا ئۆتكۈزىدىكەن. ئول زاماندىكى ئادەملەر شۇ قەدەر بەستلىك، شۇ قەدەر كۈچتۈڭگۈر ئىكەنكى، بۇ يۇرتتا مەشرەپ

---

① بۇغدا ئابدۇللا: «سىرلىق تەكلىماكان»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2005 - يىل 4 - نويابىر كۈنىدىكى سانى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قىلىپ نەغمە توۋلىسا، نەغمىچىلەرنىڭ ئاۋازى يەنە بىر يۇرتقا ئاڭلىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن باشقا يۇرتتىكى كىشىلەرمۇ نەغمە ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزلۈكىدىن مەشرەپكە كېلىدىكەن. مەشرەپكە كەلگۈچە ئېشەككە ياكى پاكارراق ئاتقا مىنىپ كەلگەنلەرنىڭ پۇتى يەرگە سۆرۈلۈپ قېلىپ، قاپىرىپ كېتىدىكەن. ئۇلار بۈگۈنى بۇ يۇرتتا مەشرەپ باشلىسا، ئەتىسى يەنە بىر يۇرتقا يۆتكىلىپ مەشرەپنى 40 كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىبادەتنى ئۇنتۇپ، ئويۇن ـ تاماشا بىلەنلا بولۇپ كەتكىنىگە تەڭرىنىڭ غەزىپى كېلىپ، مالائىكىلەرنى ئەۋەتىپ دىنغا، ئىبادەتكە دەۋەت قىپتۇ. ئول ئادەملەر دەسلىپىدە شەرت قويۇپ: «ئۆيلىرىمىزدىكى بارلىق بىساتلىرىمىزنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسەڭلار ئاندىن ئىمان ئېيتىپ دىنغا كىرىمىز ...» دېيىشىپتۇ. تەڭرى ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بىجا كەلتۈرۈپ، بىر كېچىدىلا ئول ئادەملەرنىڭ بارلىق بىساتىنى، ھەتتا ئۆيلىرىنىڭ بوسۇغۇسىدىن تارتىپ، ئىتلىرىنىڭ يالاقلىرىغىچە ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەمما ئۇلار ئەتىسى گېپىدىن يېنىۋېلىپ: «ئەمدى ھەممە نەرسىمىز ئالتۇندىن بولدى. ھېچ نەرسىگە ھاجىتىمىز يوق تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئىمان ئېيتىپ دىنغا كىرگۈدەكمىز؟» دېيىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تەڭرىنىڭ غەزىپى تېشىپتۇ ـ دە، ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان، ئويۇن ـ تاماشادىن باشقىنى بىلمەيدىغان بۇ ئاسىي بەندىلەرنى قۇم ئاستىغا غەرق قىلىۋېتىش ئۈچۈن، مالائىكىلەرگە 40 كېچە ـ كۈندۈز قۇم ياغدۇرۇشقا ئەمىر قىپتۇ. پۈتكۈل قەۋمنىڭ قۇم ئاستىدا ھالاك بولۇشىغا چىدىمىغان بىر مالائىكە خىزىر ئەلەيھىسسالام سىياقىغا كىرىپ يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە بىر ئۆيگە كىرىپ، بۈگۈن كېچە قۇم يېغىشقا باشلاپ 40 كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاپ، قۇم ياغقان ھامان بىر تال مۇما ياغاچنى يەرگە قاداپ، ئۇنى توختىماي ئايلىنىشنى، مۇما ياغاچ كۆمۈلۈپ كېتەي دېگەندە تارتىپ چىقىرىپ قايتىدىن قاداپ، يەنە داۋاملىق ئايلىنىشنى، بۇنى تاكى قۇم يېغىش توختىغانغا قەدەر داۋام قىلىشنى، بولمىسا قۇم ئاستىدا قېلىپ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دېگەندەك ھايال ئۆتمەي قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالغان پۈتكۈل قەۋم قۇم ئاستىغا غەرق بولۇپ، پەقەت مۇما ياغاچ ئەتراپىنى ئايلىنىپ تۇرغان ھېلىقى بىر ئۆيلۈك كىشىلەرلا ساق قاپتۇ. قۇم يېغىش توختىغاندىن كېيىن، ئۇلار قۇمغا غەرق بولغان ماكانىدىن ئايرىلىپ، كۈن پېتىشقا قاراپ مېڭىپتۇ. زېمىندا بىر تال گىياھ، ئاسماندا نە بىر قۇش كۆرۈنمەيدىغان پايانسىز قۇملۇقتا قانچە كېچە ـ كۈندۈز ماڭغىنىنىمۇ بىلەلمەپتۇ. مېڭىپ ـ مېڭىپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە، بىر چۆللۈككە ئۇلىشىپتۇ ۋە شۇ يەرگە ماكانلىشىپ قاپتۇ. كېيىن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاۋۇپ، يېڭى بىر ئەل پەيدا بوپتۇ. ياشلار ئاتا ـ بوۋىلىرى سۆزلەپ بەرگەن رىۋايەتلەرگە قىزىقىپ، قۇم ئاستىدا قالغان ئەسلىدىكى ماكانىنى ئىزدەپ،

بىرنەچچە قېتىم سەپەر قىپتۇ. ئۇلار ھەر قېتىم بارغىنىدا توخۇلارنىڭ چىلىلىشى، قويلارنىڭ مەرىشى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى ۋە ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئەتراپتا پايانسىز قۇمدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىكەن. بەزى چاغلاردا قۇم ئاستىغا غەرق بولغان ئۆيلەر ئۇچرىسىمۇ، ئەمما ئۆيگە كىرىپ قانداقلىكى نەرسىنى قولغا ئالسا شۇ ھامان ئىشىك يېپىلىپ قالىدىكەن. قولىدىكى نەرسىلەرنى قويۇپ قويسا ئاندىن ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدىكەن. بەزىدە قۇم ئۇستىدىمۇ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان شۇنداق نەپىس، شۇنداق چىرايلىق ئۆي بىساتلىرى ئۇچرايدىكەن. ئەمما قولىغا ئالسىلا توزۇپ، قۇمغا ئارىلىشىپ كېتىدىكەن ...»

يەنە «كرورانىنىڭ يوقىلىش سەۋەبى ۋە مەردەك رىۋايىتى» دېگەن ماقالىنىڭ ئاپتورى ھاشىم تۆمۈر ئەپەندى كرورانلىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا ساقلانغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى مىسال ئالغان: «تىكەنلىكنىڭ شەرق تەرىپىدە يىراق بىر چۆل - باياۋاندا بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ خارابىسى بار ئىكەن. بۇ شەھەر ‹مەردەك شەھىرى› دەپ ئاتىلىدىكەن. ئارغىماققا مىنىپ، تىكەنلىكتىن ئەتىگەندە يولغا چىقىپ ئۇدۇل شەرققە قاراپ ماڭسا، ئىككىنچى كۈنى كەچقۇرۇندا مەردەك شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدىكەن. شەھەرگە يېقىن قالغاندا، شەھەردىكى ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنىدىن چىققان ئىس كۆرۈنىدىكەن. قويلارنىڭ مەرىشى، كالىلارنىڭ مۆرىشى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، توخۇلارنىڭ چىلىلىشى، ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىنىدىكەن. شەھەرگە كىرگەندە بايىقى ئاۋازلارنىڭ بىرىمۇ ئاڭلانمايدىكەن. ھەر يەردە ياتقان ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرۈپ، يۈرەك قېپىدىن چىقىپ كېتىدىكەن. مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ بېشىدا كىگىز قالپاق، پۇتىدا كۆندىن جىيەك تۇتۇلغان، كۆندە چەملەنگەن ئۇچى ئۇچلۇق كىگىز ئۆتۈك بار ئىكەن. ئۆيلەرگە كىرگەندە، سۇپىلارغا كىگىز - پالازلار سېلىقلىق، لىمتاقلارغا يوتقان - كۆرپىلەر يىغىقلىق، ئوچاققا قازان ئېسىقلىق، ئويۇقلارغا چىنە - قاچىلار تىزىقلىق تۇرغانلىقى كۆرۈنىدىكەن. چىنە - قاچىلار، ساندۇقلار ۋە ساندۇقلاردىكى جاۋاھىرلاردىن باشقا جىمى بىساتلار توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، تۇتسىلا توزۇپ كېتىدىكەن. ئەگەر ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىرلارنى ئېلىپ تالاغا ماڭسا، ئىشىك ‹تاراق› قىلىپلا يېپىلىپ قالىدىكەن. ئۆيدىن ئالغان نەرسىنى جايىغا قويۇپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىگە قۇرۇق قول كەلسە، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ ئۆيدىن چىققىلى بولىدىكەن. بۇ شەھەر قەدىم زاماندا ئاۋات چوڭ شەھەر بولۇپ، شەھەردە ئۈشتۈمتۈت يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ، دەسلەپتە كۈنىگە ئونلاپ ئادەم ئۆلگەن بولسا، بىرقانچە كۈندىن كېيىن يۈزلەپ ئۆلگىلى تۇرۇپتۇ. شىددەتلىك تارقىلىدىغان بۇ يۇقۇملۇق كېسەلدىن قورقۇپ كەتكەن كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. قاچقانلىرى خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيىسىدىن تارتىپ بايىنغولىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوبلاستىدىكى لوپنۇر ناھىيىسىگىچە بولغان كەڭ زېمىننى تارقىلىپ ماكانلىشىپتۇ. قاچالمىغانلىرى شەھەردە ھالاك بوپتۇ. مەردەك شەھىرى شۇنداق قىلىپ خارابىگە ئايلىنىپ قالغانىكەن»① .

بۇ ئىككى رىۋايەتنى ئىنچىكە كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ھادىسە ياكى شەكىلگە ياتىدىغان مەسىلىلەردە پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ماھىيەتلىك مەسىلىلەردە ئوخشاشلىق بارلىقىنى بايقايمىز. ئىككى رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان ھادىسىلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ باقساق، ئالدىنقى رىۋايەتتە كىشىلەرنىڭ ئەسلى ماكانىدىن كۆچۈپ كېتىشىگە مىسلىسىز قۇم ئاپىتىنىڭ سەۋەب بولغانلىقى قەيت قىلىنغان بولسا، كېيىنكى رىۋايەتتە بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ سەۋەب بولغانلىقى قەيت قىلىنغان. مانا بۇ ئىككى رىۋايەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى. ئەمما بۇ ئوخشاشماسلىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئاخىرقى نەتىجە يەنىلا «ئىككى سەككىز ئون ئالتە» بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، مەيلى ئالدىنقى رىۋايەتتىكىدەك قۇم ئاپىتى سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى كېيىنكى رىۋايەتتىكىدەك يۇقۇملۇق كېسەل ئاپىتى سەۋەبىدىن بولسۇن، تەكلىماكاننىڭ ئەسلى ئاھالىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرى بولغان كرورانلىقلار ۋە دولانلار شۇ زاماندا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان مىسلىسىز بىر ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆز ماكانلىرىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئېھتىمال ئاۋۋال يۇقۇملۇق كېسەل ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاشۇ ئاپەتتە قىرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» بولۇپ، ئۇستىلەپ قۇم ئاپىتى بولغان بولۇشى ۋە ئۇستى ـ ئۇستىلەپ كەلگەن بۇ مىسلىسىز ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشىلەر ماكانىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، مەيلى قايسى سەۋەبتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرىنچىدىن، تەكلىماكان ئەجدادلىرىمىز، جۈملىدىن كرورانلىقلار ۋە دولانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ياشىغان ئانا ماكان؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئانا ماكان بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، مىسلىسىز قۇم ئاپىتىدە ۋەيران بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئاشۇ مىسلىسىز ۋەيران بولۇشتا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ياراتقان پارلاق بىر مەدەنىيەت قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. ئۇلۇغ ئالىم مورگاننىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى تارىم بويىغا كۆمۈلگەن. قاچان بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ سىرى شۇ چاغدا ئېچىلىدۇ» دېگەن مەشھۇر يەكۈنىمۇ يۇقىرىقى نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم مەسىلە تەكلىماكاننىڭ قاچان، قايسى دەۋردە قۇملىشىشقا باشلىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئالدىنقى رىۋايەتتە بۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلگەن. شۇنداق بولغاندا تەكلىماكاننىڭ قۇم دېڭىزغا ئايلىنىپ

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىل، 2 ـ سان.

كېتىشى مىلادى 10 ـ ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن بولىدۇ. كېيىنكى رىۋايەتتە بۇ ھەقتە ئېنىق بىشارەت بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن رىۋايەتنىڭ رەتلىگۈچىسى ئۆز ماقالىسىدە كىروراننىڭ خارابىغا ئايلىنىش ۋاقتىنى ئېنىق قىلىپ مىلادى 4 ـ ئەسىر، دېگەن.

### 4. ئۆي ـ تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىدىكى ئوخشاشلىقلار

ئىنسانلار ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئەزەلدىن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بۇ خىل ئەھمىيەت بېرىشكە ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان ماكانىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن ئىنسان خاراكتېرىدىكى خۇسۇسىيەت سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆيلەرمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدىكى شەكىل ياكى قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان. لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلار ئولتۇراقلاش-قان ماكانىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلار داۋامىدا تەدرىجىي تولۇپ ماڭغان مەنىۋى تىندۇرمىلىرىمۇ ئوخشاش بولغاچقا، بۇ ئوخشاشلىق ئۆي ـ تۇرالغۇ قۇرۇلمىسى-دىكى ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

دولانلارنىڭ ئۆي سېلىش ئادىتى ئۇستىدە توختالساق، دولاندا ئاۋۋال ئۆي ئورنى مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ قاڭدالغاندىن كېيىن، ئۇل ئاستىغا قومۇش بېسىلىدۇ. ئۇلغا قومۇش بېسىپ بولغاندىن كېيىن، قومۇش ئۇستىگە چاسلانغان ياغاچ بېسىلىپ، بىر ـ بىرىگە چېتىلىدۇ ۋە «زەگىندە» دەپ ئاتىلىدۇ. زەگىندە ئۇستىگە تۈۋرۈكلەر توختىتىلىپ، تۈۋرۈك ئۇستى سىنجى (سىنجا) ياغاچ ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە چېتىلىدۇ. تۈۋرۈكلەر ئاساسىي تۈۋرۈك ۋە قوشۇمچە تۈۋرۈكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئاساسىي تۈۋرۈك ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئورنىتىلىدۇ. قوشۇمچە تۈۋرۈكلەر ئەھۋالغا قاراپ، بىر مېتىر-دىن يېرىم مېتىرغىچە بولغان ئارىلىققا بىردىن توختىتىلىدۇ. تۈۋرۈكلەرنىڭ تېيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۆت بۇرجەكتىكى تۈۋرۈك بىلەن زەگىندىگە تاتقۇ ياغاچ مىخلىنىدۇ (بۇ ياغاچ «قاۋان» مۇ دېيىلىدۇ). تۈۋرۈك توختىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن، بارلىق تۈۋرۈكلەر چېتىق بىلەن بىر ـ بىرىگە بەش رەت قىلىپ توغرىسىغا چېتىلىدۇ. ئاندىن ئۆلچەملىك كېسىلگەن سۆگەت بادرىسى چېتىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاستى ـ ئۇستى ئىككى قاتار قىلىپ توقۇپ چىقىلىدۇ. بادرىنىڭ چوڭراقلىرى بىرنەچچە تال قىلىنسا، كىچىكرەكلىرى شۇ پېتى ئىشلىتىلىدۇ. سۆگەت بادرىسى بولمىغان ئەھۋالدا، تېرەك ياكى تالتوغراق قاتارلىقلارنىڭ شاخلىرى چاتنۋېلىنىپ، تۈۋرۈكلەر ئارىسىدىكى چېتىقلارغا قوشامداپ چىگىلىدۇ.

كېيىن، سېغىز توپىغا سامان ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن لاي چاپلىنىدۇ ۋە بۇ «قارا چاپلاق» دېيىلىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ لاي سەل قۇرۇغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم چاپلىنىپ، تام يۈزى ئاساسەن تۈز ھالەتكە كەلتۈرۈ-لىدۇ. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋە ياكى ئۆگزىگە ياغاچ چىقىرىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com



بولغاندىن كېيىن، كاكۇل لايدا ئىنچىكە سۇۋاق قىلىنىدۇ (ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىنچىكە سۇۋاققا ئىشلىتىلىدىغان كاكۇل لايغا توزغاق ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەت بولۇپ، بۇ خىل لايدا سۇۋالغان تاملار ئالاھىدە سىلىق بولغاندىن باشقا، بىر خىل تەبىئىي كۆكۈش رەڭگە كىرىپ، ئاقارتمىسىمۇ شۇنچە سىپتا، كۆركەم كۆرۈنەتتى).

ئۆيلەرنىڭ ئۈستىنى يېپىشتا، «سۇر ۋاسا»، «جۈپ ۋاسا» ۋە «تاق ۋاسا» دېگەندەك بىرنەچچە خىل يېپىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. «سۇر ۋاسا» ئىسىل، ئالىي ئۆيلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، مۇنداق ئۆيلەرنىڭ تورۇسىدىكى خا، جەگە، سىنجا، هاراق قاتارلىق ياغاچلارغا ئالاھىدە قاپارتما نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. ۋاسىلار بىر تال - بىر تالدىن رەندىلەپ جىپسىلاشتۇرۇلىدۇ ۋە گەج بىلەن ئاقارتىلىدۇ. «جۈپ ۋاسا» ۋە «تاق ۋاسا» «سۇر ۋاسا» دىن كېيىن تۇرىدىغان ئۆيلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، مۇنداق ئۆيلەر «بورا يېپىق» مۇ دېيىلىدۇ. مەيلى قايسى خىلدا يېپىلغان ئۆيلەر بولسۇن، هاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى ۋە كۈن نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشى ئۈچۈن، ئۆگزىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈڭلۈك قويۇلىدۇ. تاملارغا چىنە - چەينەك، قاچا - قۇچىلارنى تىزىپ قويىدىغان ئويۇقلار ۋە يوتقان - كۆرپە تىزىپ قويۇلىدىغان لىمتاقلار چىقىرىلىدۇ. ئىشىكنىڭ قارشىسىدىكى تامنىڭ تۆر بىلەن تۆشۈك ئايرىلىدىغان پاسىلىغا مورا ئوچاق سېلىنىدۇ.

ئەمدى لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆي سېلىش ئادىتىگە كەلسەك، «(لوپنۇرلۇقلار) ئۆينى ئاساسەن توغراق ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قومۇش ئېلىپ ساتما قىلىپ ياسايدۇ. ئاندىن توغراق، يۇلغۇنلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، تېشىغا لاي سۇركەپ چاپلىما قىلىدۇ. چاپلىما ئۆي ئادەتتە ساتمىغا قارىغاندا قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولۇپ، يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. بۇ ئۆيلەردە مورا، ئوچاق بار»①. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆي - تۇرالغۇ قۇرۇلمىسىمۇ دولانلارنىڭكىگە ئوخشاش. مۇھىمى، ئىككى جايدىكى ئۆيلەردە دولانلىقلار ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇقنى ياقتۇرمايدىغان، ئاددىي - ساددا، ئوچۇق - يورۇق، سەمىمىي خاراكتېرى ئىپادىلەنگەن.

### 5. كىيىم-كېچەك ۋە يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئوخشاشلىقلار

بىر مىللەت كىشىلىرى كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق جەھەتلەردە ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. بۇ هال كىرورانلىقلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادى بولغان لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلارنىڭ هازىرقى تۇرمۇشىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. كېيىنىشتىكى ئوخشاشلىقلار ئۈستىدە توختالساق، لوپنۇر مەشرەپلىرىدە بېشىغا قەدىمكى نۇسخىدىكى قارلىغاچ قاناتلىق كىگىز قالپاق، ئۇچىسىغا تونچە ياقىلىق ئاق يەكتەك كىيىپ، بېلىنى تاۋار بەلۋاغ بىلەن باغلاپ، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈكلەرنى كىيگەن ئادەملەر كۆزگە

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2005 - يىل 4 - نويابىر كۈندىكى سانى.

چېلىقىدۇ. بۇ خىل كىيىنىش ئادىتى دولانلاردا تېخىمۇ تىپىك بولۇپ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر، دېھقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاشۇنداق كىيىنەتتى. ھازىر، بۇنداق كىيىنىپ يۈرۈيدىغان پېشقەدەملەر ئاز بولسىمۇ ھېلىھەم تېپىلىدۇ.

يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلارغا كەلسەك، لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقنى ئاساسىي يېمەكلىك قىلغىنىغا ئوخشاش، دولانلاردىمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگۈچە بېلىق گۆشىنى ئاساسلىق يېمەكلىك قاتارىدا ئىستېمال قىلىش ئادىتى بولغان.

بېلىق گۆشىنى قورۇتۇپ تالقان قىلىپ يېيىش ئادىتى دولانلار ۋە لوپنۇرلۇقلارغا ئورتاق بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەسلىدە ئۇزاق ساقلىغىلى بولمايدىغان بېلىق گۆشى ھەم ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدىغان، ھەم سەپەردە ئېلىپ يۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال يېمەكلىككە ئايلاندۇرۇلغان.

دولانلار بىلەن لوپنۇرلۇقلارنىڭ بېلىقنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىش ئادىتىدە ئوخشاشلىق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتۇش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇپ، مەيلى لوپنۇرلۇقلار بولسۇن ياكى دولانلار بولسۇن، بېلىق تۇتۇشتا ئوخشاشلا تور، ساچقاق، قىسقا كالتەك ۋە قولۋاق قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن. بۇ يەردىكى قولۋاق، ئەمەلىيەتتە ئىچى چېپىپ ئېلىۋېتىلگەن پۈتۈن توغراق ياغىچى بولۇپ، لوپنۇر بىلەن دولان رايونىدىن باشقا جايلاردا ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەخسۇس بېلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان «ساچقاق» دېگەن ئەسۋابمۇ باشقا جايلاردا ئۇچرىمايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندىمۇ، لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلارنىڭ ئادەمنى ئويغا سالىدىغان ئورتاقلىقلىرى ئاز ئەمەس. ئالايلۇق، چاچلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان، قاشلىرى ئېگىز، كۆزلىرى دېڭىز سۈيىدەك كۆك ۋە چوڭقۇر، كىرپىكلىرى، چاچلىرى ئۇزۇن، ئىككى مەڭزىنىڭ سۆڭىكى چىقىپ تۇرىدىغان، ئىڭىكى سەل ئۇچلۇقراق كەلگەن، تېرىسىدىن ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان «كروران گۈزىلى» نىڭ سىماسى، بۈگۈنكى لوپنۇرلۇقلار ۋە دولانلار ئارىسىدا ھېلىھەم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە، كىشىلەردىكى تاشقى ئىرقىي بەلگىلەر بارغانسېرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلارنىڭ چىرايىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان چىرايلارنىڭ لوپنۇر بىلەن دولاندا ھېلىھەم كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك.

گېپى كەلگەندە، بۇ يەردە لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەۋقۇلئاددە بىر ئوخشاشلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن:

مەن ئۇزۇن يىل مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يادىكارلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەكىت ناھىيىسىدىكى پېشقەدەم كىشىلەردىن «باش سۆڭىكى سېۋەتتەك چىقىدىغان، يوتا سۆڭىكى بىر مېتىر، پاقالچاق سۆڭىكىمۇ 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان زور ئادەم» لەر ھەققىدە كۆپ قېتىم مەلۇمات ئاڭلىغانىدىم. جۈملىدىن مەكىت ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ئىبراھىم توختى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەر «چىلدىرخان مازىرىم» دەپ ئاتايدىغان مازاردا جەسەت-لەرنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە بارغان ۋە ئېچىلىپ قالغان جەسەتلەر ئىچىدە بىر جەسەتنىڭ پەۋقۇلئاددە چوڭلۇقىنى بايقاپ ئۆلچەپ باققان، غېرىچى ئارقىلىق ئۆلچەپ كۆرگەندە، ھېلىقى جەسەتنىڭ يوتا سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 غېرىچ، پاقالچاق سۆڭىكىمۇ 4 غېرىچ كەلگەنىكەن. ئىبراھىم توختىدىن باشقا يەنە مەكىت ناھىيىسىنىڭ پوسكام كەنتىدىكى ھوشۇر پاۋان، ھاڭغىتلىق يېزىسىدىكى 95 ياشلىق ئەمەت ياغاچچى، ئوردىكۆل كەنتىدىكى ئىسمايىل ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەرمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش يوتا سۆڭىكى بىر مېتىر كېلىدىغان جەسەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن.

بۇ قېتىم بوغدا ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ «سىرلىق تەكلىماكان» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇۋېتىپ، دولاندا بايقالغان يوتا سۆڭىكى بىر مېتىر كېلىدىغان جەسەتلەرنىڭ لوپنۇردىمۇ بايقالغانلىقىغا زور قىزىقىش ئىچىدە دىققەت قىلدىم. بوغدا ئابدۇللا ئەپەندى ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «كۆرگەنلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەردە بايقالغان جەسەتلەرنىڭ يوتا سۆڭىكى 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، پاچاق سۆڭىكى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىكەن.»[1]

قارىشىمچە، لوپنۇر ۋە دولاندا بايقالغان بۇ پەۋقۇلئاددە زور ئادەملەرنىڭ جەسىتى مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل زور ئادەملەر جەسىتى-نىڭ لوپنۇر بىلەن دولاندا بايقىلىشىنى، لوپنۇرلۇقلار بىلەن دولانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىدە مۇھىم تارىخىي باغلىنىش بارلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەت دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى يەكۈنلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، كروران بىلەن دولان تەكلىماكاندىن ئىبارەت ھەم سىرلىق، ھەم خاسىيەتلىك بالىياتقۇدا تەڭ تۆرەلگەن قوشكېزەكلەر بولۇپ، بۇ قان ـ قېرىنداش ۋە تەقدىرداش قوشكېزەك-لەرنىڭ بۈگۈنگىچە ئېچىلماي كەلگەن سىرلىرى ئەلۋەتتە تەكلىماكان بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان پارلاق بىر مەدەنىيەت بىلەن دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىپ كېلىۋاتقان تەكلىماكاننىڭ سىرى قاچان ئېچىلسا، دولان بىلەن كروراننىڭ سىرىمۇ شۇ چاغدا تولۇق يېشىلىدۇ.

---

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2005 ـ يىل 5 ـ نويابىر كۈندىكى سانى.

# كرورانىنىڭ نوپۇسى ۋە كرورانلىقلارنىڭ كۆچۈشى

غالىب بارات ئەرك
(تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەملىكەت مىقياسىدا قوزغالغان كروران قىزغىنلىقى كىشىلەرنى قىزغىن بىر تېمىغا جەلب قىلماقتا، ئۇ بولسىمۇ كرورانىنىڭ نوپۇسى قانچىلىك؟ ئۇلار نەگە كەتكەن؟ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى زامانىمىزدا بارمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت.

كروران مىلادىيىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان بىر شەھەرنىڭ ۋە شۇ شەھەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان كىچىك بىر دۆلەتنىڭ نامى. بۇ خاندانلىق دەسلەپ كروران نامىدا، كېيىنچە چەرچەن خاندانلىقى نامىدا زاھىر بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى دەسلەپ لوپ كۆلى بويىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھازىرقى چارقىلىق ناھىيىسى دائىرىسىنى كۆرسەتكەن بولسا، مىلادىيە 2 - ئەسىردىن باشلاپ ھازىرقى چارقىلىق، چەرچەن، نىيە ناھىيىلىرىنى ۋە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ماقالىمىزدا تىلغا ئېلىنغان كروران ئەينى دەۋردىكى كروران ۋە چەرچەن خاندانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان چارقىلىق ناھىيىسى دائىرىسىنى نۇقتا قىلىدۇ.

كرورانىنىڭ نوپۇسى قانچىلىك ئىدى؟ بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردا بىۋاستە ھەم ۋاستىلىك ئۇچۇرلار ساقلانغان. «خەننامە» 96 - جىلد «غەربىي يۇرت (قۇرغار) تەزكىرىسى» دىكى ئۇچۇرلارنى كروران تېررىتورىيەسى بىلەن باغلاپ جەدۋەللەشتۈرسەك مۇنداق بولىدۇ:

| خاندانلىق نامى | ئائىلە سانى | نوپۇسى | ئەسكەر سانى | ئەسكەرنىڭ ئاھالىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى | ھەر ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە جان سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| نوپچان (羌国) | 450 | 1750 | 500 | 29% | 3.9 |
| چەرچەن (kroraina、鄯善国) | 1570 | 14100 | 2920 | 20% | 9 |
| چالمادانا (calmadana、且末国) | 230 | 1610 | 320 | 20% | 7 |
| ئەندىر (saca、小宛国) | 150 | 1050 | 200 | 20% | 7 |
| نىيە (nina、cadota、精绝国) | 480 | 3360 | 500 | 15% | 7 |
| روڭلۇ (戎卢国) | 240 | 1610 | 300 | 19% | 7 |
| جەمئىي | 3120 | 23480 | 4740 | 20.5% | 6.8 |

www.uyghurkitap.com



مىلادىيە 400 ـ يىلى چەرچەندىن ئۆتكەن راھىب فاشيەننىڭ خاتىرىسى يەنە بىر ۋاستىلىك ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خاتىرىسىدە، 17 كۈن يول يۈرۈپ چەرچەن خاندانلىقىغا كەلگەنلىكىنى ۋە بىر ئاي تۇرغانلىقىنى، بۇ يەردە 4000 دىن ئارتۇق كىچىك كۆلۈڭگۈ (بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپى) راھىبى بارلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. يەنە چەرچەن خاندانلىقىدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا يۈرۈپ 15 كۈندە ئاگنى (伪夷国) غا بارغانلىقىنى يازىدۇ.

يەنە «سۇڭنامە» 98 ـ جىلد «دى غۇزلىرى ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «... يۈەنجيا 19 ـ يىلى (مىلادىيە 442 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، جۈرچى ئۇرغۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ دۇنخۇاڭنى تاشلاپ كۈن پېتىشقا يۈرۈش قىلىپ جۈرچى ئارگۇننىڭ قېشىغا كەتمەكچى بولدى. ئۇلار پىشامشانغا (چەرچەن) يېتىپ بارغۇچە، پىشامشان (چەرچەن) بېگى بىلۇڭ 4000 دىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۈرچى ئۇرغۇ پىشامشاننى ئىگىلىۋالدى ...»[1].

بۇ بايانلارنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك: بىرىنچىسى، راھىب فاشيەننىڭ دۇنخۇاڭدىن چىقىپ چەرچەن ئارقىلىق ئاگنىغا (ھازىرقى قاراشەھەرگە) بېرىشى. راھىب فاشيەن ئاگنىغا بارغاندا ئاگنىدا 4000 دىن ئارتۇق كىچىك كۆلۈڭگۈ راھىبى بارلىقىنى يازىدۇ، ئۇنداقتا مۇشۇ دەۋرلەردىكى ئاگنىنىڭ نوپۇسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈدىغان بولساق جىن سۇلالىسى (265_420) دەۋرىدە «ئاگنى ئېلىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 80 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى»[2]. ئىككىنچىسى، مىلادىيە 442 ـ يىلى جۈرچى ئۇرغۇننىڭ 10 مىڭ ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ تۇرپاننى نىشانلاپ مېڭىپ چەرچەننى ئىشغال قىلغانلىقى ۋە چەرچەن بېگى بىلۇڭنىڭ 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە (ئومۇمىي ئاھالىنىڭ يېرىمى) نى باشلاپ چالمادانا (سارمادان، ھازىرقى چەچەن) گە كۆچۈشىدۇر. يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىدە بىزنى داۋاملىق ئىزدىنىشكە مەجبۇرلايدىغان نۇقتا، دۇنخۇاڭدىن چىققان راھىب بىلەن جۈرچى ئۇرغۇ باشلىغان نۇرغۇن ئاھالىنىڭ چەرچەنگە (ھازىرقى چارقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە مىرەن بوستانلىقى) بېرىشىدۇر. ئەجىبا ئۇلار ھازىرقى چارقىلىق بوستانلىقى ياكى مىرەن بوستانلىقىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن لوپ كۆلى بويىغا قايتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن ئەسلىي يولىغا كىرگەنمۇ؟ بۇنداق بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. شۇڭا بىز كروران شەھىرىنى مىلادىيە 327 ـ يىلى ئەتراپىدا ۋەيران بولغان دېگەن قاراشنى ئاغدۇرۇپ، 5 ـ ئەسىردىمۇ لوپ كۆلى بويىدا بىر تۈركۈم (خېلى كۆپ ساندا) ئاھالىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندا ئاندىن مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز.

---

① «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 712 ـ بەت.

② يۈەن زۇلياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يىپەك يولىنىڭ نوپۇس مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 79 ـ بەت.

بىز يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن كروران - چەرچەن نوپۇسى ھەققىدە تەخمىنىي سانغا ئېرىشەلەيمىز. مىلادىيىنىڭ بېشىدىكى چەرچەن (كروران)، نوپچاننىڭ نوپۇسىنى قوشۇپ ھېسابلىساق 15850 كىشى بولىدۇ، بىز بۇ مەلۇماتنى تولۇقسىز مەلۇمات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىمىز، چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە ھازىرقىدەك نوپۇس ستاتىستىكىسى بولۇشى ناتايىن. بۇ سانغا دەريا - كۆل بويلىرىدا تارقاق ياشاۋاتقانلارنى قوشۇپ ۋە قوشۇلماي قالغان شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلەر بار دەپ قاراپ، بۇ ستاتىستىكىنى پۈتۈنلەپ 20 مىڭ دەپ قارىساق بەك خاتا بولۇشى ناتايىن. راھىب فاشيەننىڭ 400 - يىلىدىكى بايانى، يەنى چەرچەندىكى 4000 دىن ئارتۇق راھىب بىلەن شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاگنى (قاراشەھەر) نىڭ 4000 دىن ئارتۇق راھىبى يېقىن بولۇپ، بۇلاردىن بۇ ئىككى جايدىكى ئاھالىنىڭ نوپۇسىنىڭ يېقىنلىشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز، شۇنداق بولغاندا، ۋاستىلىك ھالدا كروران ئېلى - چەرچەن خاندانلىقىنىڭ نوپۇسىنىڭمۇ مىلادىيە 400 - يىلى ئەتراپىدا 80 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. بىلۆگنىڭ ئاھالىنىڭ يېرىمىنى (4000 ئائىلىدىن ئارتۇق كىشىنى) باشلاپ چالمادانا (ھازىرقى چەرچەن) غا قېچىشنى نەزەرگە ئالساق، مىلادىيە 442 - يىلى چەرچەن ئېلىدە 8000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ چاغلاردىكى چالمادانانغا كۆچكەن 4000 دىن ئارتۇق ئاھالە شۇ ۋاقىتلاردا خاندانلىق مەركىزى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ يېرىمى باشلاپ كەتكەن دەپ قارىساق، ئومۇمەن ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 8000 ئائىلىدىن خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ ۋاقىتلاردا 9~10 مىڭ ئائىلىلىك كىشى بارلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بىز بۇلارنى 10 مىڭ ئائىلە دەپ قارىساق ۋە مىلادىيىنىڭ بېشىدىكى («خەننامە» دىكى) ھەربىر ئائىلىدە 9 جان بولۇش نىسبىتى بىلەن ھېسابلىساق، 442 - يىلى كروران - چەرچەن خاندانلىقىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90 مىڭغا يېتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مانا بۇلارغا ئاساسەن كرورانلىقلار مىلادىيىنىڭ بېشىدا 20 مىڭ بولغان، 442 - يىلىغا كەلگەندە 80~90 مىڭغا يەتكەن دەپ قارايمىز. بىز تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئاھالىنىڭ كۆچۈشى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، تاجاۋۇزچىلىق قاتارلىقلار ئاھالىنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىكى مىلادىيە 644 - يىلى ئەتراپىدا كروران دىيارىدىن ئۆتكەن شۈەنزاڭنىڭ «چالمادان (سارمادان) دىن چىقىپ شەرقىي شىمالغا 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يۈرگەندىن كېيىن نوپ (纳缚波古国 دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئالىمى سېڭگۇ سەلى تۇتۇڭ بۇ نامنى نوپ دەپ تەرجىمە قىلغان) قەدىمكى ئېلىگە كەلدىم، بۇ كروراندۇر»① دېگەن بايانغا

① ياڭ جەنشىن تۈزۈپ شەرھىيلىگەن «قەدىمكى دەۋردىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى ھەم شەرھىيسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 104 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاساسلىنىدىغان بولساق، مىلادىيە 645 – يىلىدىن بۇرۇن، كروران – چەرچەن خاندانلىقى دائىرىسىدىكى شەھەر بازارلار ۋەيران بولۇپ ئاھالىلەر كۆچۈپ كەتكەن، پەقەت دەريا كۆل بويلىرىدىكى سانى نىسبەتەن ئازراق بولغان ئاھالىلەر قالغان. شۇنداق بولغاندا، كۆپ سانلىق ئاھالىلەر هاياتلىق ئۈچۈن باشقا جايلارغا كۆچكەن. لېكىن بىر نۇقتا ئېنىقسىزدۇ، بولۇشى كېرەككى، كىتىك ۋە مەردەك شەھەرلىرى بۇ ۋاقىتلاردا ۋەيران بولمىغان.

بىز ئاھالىنىڭ كۆچۈشىنى يۇقىرىقى جەدۋەلدىكى 3 رايون بويىچە تەھلىل قىلىشىمىز مۇمكىن. 1 – رايون لوپ كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوندا ئاھالىلەر تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ياشاپ كەلگەن بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 – ئەسىردىن بۇرۇنلا كروران شەھىرىنى ۋە خاندانلىقىنى قۇرغان. ئەمما، 6 – ئەسىردىن بۇرۇن كۆنچى دەرياسىدىن بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇنىڭ تەدرىجىي ئازلاپ، هاياتلىق مەنبەئىنىڭ ئۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە شەھەر – بازارلار ۋەيران بولغان. شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلى، شەھەر ئاھالىلىرى يۇرت ماكانىنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئاھالىلەرنىڭ ئىككى قېتىملىق كۆچۈشى ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەردە بەزى ئۇچۇرلارمۇ بار. كرورانلىقلارنىڭ 1 – قېتىملىق كۆچۈشى مىلادىيە 442 – يىلى بولغان بولۇپ، خاقان بىلۇڭنىڭ باشچىلىقىدا 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە هازىرقى چەرچەن ناھىيىسى دائىرىسىگە كۆچكەن، بۇ ئاھالىنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، چالمادانانىڭ يەرلىك ئاھالىسى چەرچەندىن كۆچۈپ كەلگەنلەردىن ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن تەدرىجىي، چەرچەن نامى چالمادانانىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە جاي نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان.

كرورانلىقلارنىڭ 2 – قېتىملىق كۆچۈشى ھەققىدە، «كونا تاڭنامە» 40 – جىلدىدا «لاپچۇق (纳职)، جېنگۈەن-نىڭ 4 – يىلى كروران غوزلىرى قۇرغان»[①] دېگەن بايانىنى ھەم تاڭ دەۋرىدىكى لى جىفۇ يازغان «يۈەنخې ئايمىقىدىكى ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىسى» دە، «ئېۋىرغول ... چەرچەنلىكلەر كەلگەن. سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 6 – يىلى (610 – يىلى) بۇ يەر ئېۋىرغول ئايمىقى قۇرۇلدى. سۈي سۇلالىسىنىڭ مالىمانچىلىق يىللىرىدا بىر توپ غۇرلار كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ... لاپچۇق (纳职) جېنگۈەننىڭ 4 – يىلى قۇرۇلغان، خورلار چەرچەننى لاپچۇق دەيدۇ، شۇڭا لاپچۇق ئاتالغان» ② دېيىلگەن. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە لاپچۇق خارابىسى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «قارلۇقغۇل-نىڭ شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. دەريانىڭ شەرقىدىكى ئىككى شەھەر (بىرى شىمالدا، بىرى جەنۇبتا)، دەريانىڭ غەربىدە بىر شەھەر ... دەريانىڭ شەرقىنىڭ شىمالىدىكى شەھەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 180 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 150 مېتىر، سېپىلىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 2 مېتىر ئەتراپىدا، سېپىل

---

① ② «لوپنۇرغا ئائىت ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندە توپلام»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1992 – يىلى خەنزۇچە نەشرى 12 – 13 – بەت.

تېمىنىڭ قېلىنلىقى 3 مېتىر ئەتراپىدا، شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا قاراغۇنىڭ قالدۇقى، سېپىل ئىچىدە دۆڭ ۋە ئۆي خارابىلىرى بار. دەريا شەرقىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر قەلئەسى كىچىكرەك بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىردەك، قالدۇق ئېگىزلىكى 3 مېتىرچە، شەرقىي شىمالىي بۇلۇڭىدا قاراغۇ بولۇپ ئېگىزلىكى 10 مېتىردەك كېلىدۇ. دەريانىڭ غەربىدىكى شەھەر قەلئەسىنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىرچە …» دېيىلگەن ۋە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن 493 - يىلى بىر تۇركۇم چەرچەن ئېلىدىكىلەرنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ بۇ جايىنى بەرپا قىلغانلىقى، 630 - يىللىرى بۇ يەردە لاپچۇق ناھىيىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى يېزىلغان. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە يەنە مىلادىيە 489 - يىلى چەرچەن غۇرلىرىنىڭ ئېۋىرغولنى ئىشغال قىلغانلىقى، لاپچۇق شەھىرىنى بەرپا قىلغانلىقى، 932 - يىلى ئېۋىرغولدا لاپچۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 3 ناھىيە تەسىس قىلىنغانلىقى، 1332 ئائىلە، 6778 نوپۇس بارلىقى يېزىلغان④. مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە 1 - رايوندىكى ئاھالىنىڭ كۆچۈشى ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ لاپچۇقتا ۋە ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسىگە كۆچكەن. يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق كۆچۈش تارىخىي يازمىلاردىكى خاتىرىلەردىن ئىبارەت. بىز يازما خاتىرىگە چۈشمىگەن كۆچۈشنى ھېسابقا ئالىدىغان بولساق، شەكسىزكى بىر تۇركۇم ئاھالە كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ سۇ قوغلاپ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچكەن، جۈملىدىن كىچىك مىرەن ئېقىنى بويىدىكى ئىزلارغا، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلارغا كۆچكەن. LA خارابىسىنى مەركەز قىلغان بىر تۇركۇم ئاھالە ھازىرقى مىرەن بوستانلىقى ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرى ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. ئالىملار تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلىنىدىغان بولساق كروران - چەرچەن خاندانلىقىدىكى ئاھلىلەر ياقا يۇرتلارغا جۈملىدىن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونلارغا بارغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 鄯善 دىكى 鄯 ياكى 善 خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان. بۇنىڭغا تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان يازمىلاردىكى 鄯庆 ، 鄯护 ، 鄯愿 ، 鄯好 ، 鄯月光 قاتارلىق ناملارنى② كۆرسىتىشكە بولىدۇ. 1930 - يىللىرى لوياڭ شەھىرىدىن 6 - ئەسىردىكى كرورانلىقلارنىڭ قەبرە تېشى بايقالغان، مانا بۇلار كرورانلىق بىر تۇركۇم ئاھالىنىڭ كۆچۈپ ئىچكىرىگىمۇ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز بۇ يەردە 10 - ئەسىرلەردە بىر تۇركۇم كرورانلىقلارنىڭ داۋاملىق ئۆز يۇرتىدا ياشىغانلىقىدەك پاكىتنى ئەسكە ئېلىشىمىز زۆرۈر. «شاجو ۋە ئېۋىرغولنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى» دا «تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شەرقىي تۈركلەرگە تەۋە سەنفۇتو باج سېلىقىنىڭ ئېغىرلىقىدىن

① ④ «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 6 -، 7 -، 397 - بەتلەر.

② لىن مېيسۇڭ: «كروران - ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى»، مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرياتى 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 194 -، 195 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com



شەھەرنى تاشلاپ چەرچەنگە قاچتى. تۈيغۇنلار تەۋسىدە ئولتۇراقلاشتى ... غۇرلار چەرچەننى لوپ (纳职) دەپ ئاتايدۇ ...» دېيىلگەن. مانا بۇلاردىن قارىغاندا كروران رايونىدا بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ داۋاملىق ياشىغانلىقىنى، بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مىلادىيە 925 - يىلى ساك تىلىدا يېزىلغان خوتەن ئالتۇن ئىل ھاكىمىيىتىنىڭ ئەلچىسىنىڭ دوكلاتىدا كروران رايونىدىكى شەھەر - بازارلاردىن Kyaurata kamtha (كروران شەھىرى)، Kadaka bisa kamtha (كىتىك شەھىرى چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 100 كىلومېتىر شىمالىدا) Inaka chitta bu (چوڭ لوپ - چاقىلىق بازىرى ئەتراپى) بىلەن chune naha (كىچىك لوپ - مىرەن كونا شەھىرى) بىلەن durtci (弩支، ۋاششەھەرى كونا شەھىرى)، Padaka bisa kamtha (بۇ نام قارۇشتىشۇناس لىن مېيسۇڭنىڭ ئىسپاتلىشىچە شەھىرى مەردەك دېگەن نامدا ساقلىنىپ قالغان) ۋە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلىدىكى نام (鄯善 7 - ئەسىردىكى تۈبۈتچە يازمىلاردا Cercen دەپ يېزىلغان) نىڭ چەرچەن دېگەن شەكىلدە زامانىمىزغا يېتىپ كېلىشى، 纳职 نىڭ ئەسلىسىنىڭ لاپچۇق dapaci katha دەپ يېزىلغان) نىڭ ساقلىنىشى ... قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە كروران نامىنىڭ Kyaurata سۈپىتىدە ساقلىنىشى، بىر تۈركۈم كرورانلىقلارنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى ساقلاپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ①.

2 - رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى 10 - ئەسىردىكى ۋەقە بولۇپ، بۇ ھەقتە يازما خاتىرە يوق، لېكىن مىرەن كونا شەھىرى ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىنىڭ شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلىدىن كۆچكەنلىكىنى ئىلمىي پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغان 645 - يىلىدىن بۇرۇن نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ۋەيران بولغان قۇتۇم ~ قېتىم (khatum、七屯、古屯)، مىرەن كونا شەھىرى خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ) شەھىرى بىلەن قاغان شەھىرى (khavani、扜泥、 泥、欢泥) ئەتراپلىرىغا، 675 - يىللىرى بىر تۈركۈم ئاھالە يۇرتىغا يىغىلىپ يۇرتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن. بۇ قېتىمقى گۈللەندۈرۈش «شاجۇ ۋە ئىۋۇرغولنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»، «شۇچاڭ ناھىيىسىنىڭ چېگرىلىرى» ناملىق يازمىلاردا سەمەرقەندلىك سەردار كاڭ يەندەننىڭ تۈھپىسىگە يېزىلغان. بۇ قېتىمقى گۈللىنىش ئەلۋەتتە كرورانلىقلار بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ يۇرت ماكانىنى سېغىنىپ قايتىشى ۋە پېتراپ كەتكەن جايلىرىدىن قايتىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا ئاۋات بولغان. خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، 9 شەھەرچە بەرپا قىلىنغان بولۇپ تاشبالىق (石城)، قۇتۇمبالىق (古屯城)، ياڭىبالىق (新城)، بوربالىق (薄桃城) ۋە شەھىرى سابىز (萨毗城) ...... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىز بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنى ھەققىدە ئۈچۈرلارغا

① خۇاڭ شېڭجاڭ «〈خولستىن قولىيازمىسى〉 بىلەن غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىلى 2 - سان 62 - بەت.

ئەگە بولساقمۇ نوپۇسى ۋە ۋەيران بولغان يىللىرى ھەققىدە يازما ئۇچۇر يوق، شۇنداقتىمۇ ئارخېئولوگىيە تېپىلمىلارغا ئاساسەن بۇ شەھەرلەرنى 10 ـ ئەسىردە، توغرىراقى 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ۋەيران بولغان دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. بۇ قېتىم كۆچكەن ئاھالىلەر ئالدىنقى قېتىمقىدىن خېلىلا ئاز ئىدى، شۇڭا بۇلارنى يېقىن قوشنا شەھەرلەر لوپ (LOP، 罗卜)، كىتىك ~ كاتاك (KADHAKH 怯台、kadag) ۋە مەر-دەك (Padaka) شەھەرلىرىگە كۆچكەن دېيىشكە بولىدۇ.

ھالاكەتلىك ئاشۇ يىللاردا يات دىندىكىلەرنىڭ ئۇلارنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ كۆچە ـ كۆچە 3 ئايدا توختىغانلىقى يېزىلغان. مانا بۇلار مۇسۇلمان بولمىغان ئاھالىسىنىڭ كېيىنكى كۆچۈپ بارغان يېرى ۋە تەقدىرىدۇر. سېرىق ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ۋە مىللەت نامىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى سېرىق ئۇيغۇر دەپ ئاتايدۇ. مۇسۇلمان بولغان سېرىق ئۇيغۇر ئاھالىلىرى مىللەت نامىنى قوللانماستىن باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنى يۇرت نامى بىلەن ئاتايدىغان بولغان.

كىرورانلىقلارنىڭ كۆچۈشى بۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ. تارىخىي ئەسەرلەردە ۋە ئېكىسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، كىرورانلىقلا-رنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش لوپلۇقلار 18 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ 1940 ـ يىللىغىچە يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە دەريا ئېقىنلىرى-نىڭ كۆچۈشى تۈپەيلىدىن ئاھالىلەر بىرقانچە قېتىم يۇرت ماكانلىرىنى تاشلاپ كۆچكەن. بۇلارنىڭ كۆچكەن يەرلىرى ئاساسەن كېيىن بەرپا بولغان چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى مەركەز قىلغان بوستانلىق، مىرەن بوستانلىقى، ۋاششەھرى بوستانلىقى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنلىرىغا قاراپ كۆچكەن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كىروران رايونىدىكى كىرورانلىقلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيگەن ئاشۇ ۋاقىتلاردا 100 مىڭغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بىز كۆپىنچە ھالدا خەنزۇچە يازمىلاردا ئۇچرايدىغان ئاخىرقى يىل چېكىنى شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى قىلىپ قوبۇل قىلىۋاتىمىز، ئەمما ھازىرقى پاكىتلار بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن بىشارەت بەرمەكتە. كەلگۈسىدە پاكىتلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بالدۇر بولغاندا، كىروراننىڭ 5 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋەيران بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز. كىرورانلىقلار تارىخىي دەۋرلەردە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يۇرت ماكانىدىن ئايرىلغان. مىلادىيە 442 ـ يىلى 4000 ئائىلە ئاھالە چالمادانىغا يەنى ھازىرقى چەرچەنگە كۆچكەن، بۇلار ئاھالىسىنىڭ يېرىمى بولۇپ، قالغان يېرىمى يەنىلا ئاشۇ يۇرتىدا ياشاپ قالغان.

كىروران دائىرىسى خېلى چوڭ دۆلەت بولغانلىقتىن شەھەرلەر ۋەيران بولغان ۋاقىتلاردا، كۆپىنچە دەريا كۆل ۋادىلىرى ۋە گۈللىنىپ تۇرغان شەھەرلەرگە كۆچۈپ ياشىغان. خەرىتىدىكى 1 ـ رايوندىكى شەھەرلەردىن ئاھالىلەرنىڭ 2 ـ ۋە 3 ـ رايونلارغا كۆچۈش بىلەن بىرگە قوشنا بولغان قۇمۇل ۋە چەرچەنلەرگە كۆچكەن. 2 ـ رايوندىكى شەھەرلەر ۋەيران بولغاندا 3 ـ رايوندىكى كىتىك،

www.uyghurkitap.com



لوپ ۋە مەردەك قاتارلىق شەھەرلەرگە كۆچكەن. 3 - رايوندىكى شەھەرلەر ۋەيران بولغاندا ئاھالىلەر بىرقانچە تۈپقا بۆلۈنۈپ كۆچكەن، بىر تۈپى تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۆچكەن، ئۇنىڭ ئىزناسى سۈپىتىدە كورلا شەھىرىدە كىتىكلىكلەر مەھەللىسى، كوپ ئېرىق نامىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولسا، بۈگۈر ناھىيىسىدە كىتىك ھەققىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەر ساقلانغان. ئۇلار كۆچۈپ يۈرۈپ ئاقسۇ ئايكۆلگىچە بارغان ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بىر تۈركۈم ئاھالە قۇمتاغ قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ پىچان ناھىيىسىگە بارغان. پىچاننىڭ دىغار يېزىسى ۋە ئامانشا مەھەللىسىدىكى بىر قىسىم ئاھالىلەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدۇ، پىچان ناھىيىسىدە يەنە لوپكارىز دەيدىغان نام شۇنىڭ يالدامىسىدۇر. مۇسۇلمان بولمىغان كىرورانلىقلار ئەۋلادلىرى شەھەرلەر ۋەيران بولغاندا 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۇنخۇاڭنى نىشانلاپ شەرققە كۆچكەن ۋە بۈگۈنكى كۈندە سېرىق ئۇيغۇر (يۇگۇ مىللىتى) دېگەن نامدا ياشاپ كەلمەكتە. دېمەك 14 - ئەسىردە كىرورانلىقلارنىڭ ئاخىرقى كۆچمەنلىرى كۆچۈپ كەتتى، لېكىن دەريا - كۆللەرنى ئۆزگە ھاياتلىق مەنبەئى قىلغان بىر تۈركۈم ئاھالىلەر ئىزچىل تۈردە ئۆز يۇرت ماكانىدا ياشاپ كەلدى، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 10 مىڭدىن ئوشۇق ئىدى. ئۇلار تاكى 18 - ئەسىرگىچە ئۆزلىرىنى «لوپتۇق» دەپ ئاتاپ كەلگەن، قوشنا ئۇيغۇرلار بولسا «لوپلۇق» دەيدۇ، بۇ خۇددي باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مىللەت نامى بىلەن ئاتىغاندىن كۆرە، يۇرت نامى بىلەن ئاتىغانلىقنىڭ ئىسپاتىدۇر، خالاس. بۇ، لوپ دېگەن جايدا ياشايدىغان كىشىلەر دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە چاقىلىق ناھىيىسىدە لوپنۇر كۆلى (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نۇر قوشۇمچىسى قوشۇلغان)، لوپنىڭ قېقىرى، لوپ لەنگەر (لوپ جاڭزى)، لوپلۇقلار (چاقىلىق ناھىيىسىدىكى بىر تۈركۈم ئاھالە)، لاپچۇق (قۇمۇل ناھىيىسىدە)، ئابدال (چاقىلىق ناھىيىسىدە)، لوپنۇرلۇق دەپ ئاتالماقتا) قاتارلىق ناملار تارىختىن بۇيان ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلمەكتە، بۇ ناملار مۇشۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن بېرى مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. گەپنىڭ نېگىزىنى ئېيتقاندا كىرورانلىق زور بىر تۈركۈم ئاھالە كۆچۈپ كەتكەن، بىر قىسمى كېيىن قايتىپ كەلگەن، ئەمما سانى كۆپ بولمىسىمۇ بىر قىسىم ئاھالە شەھەرلەر ۋەيران بولغان 14 - ئەسىردىن كېيىنمۇ تارىم، كۆنچى، چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئېقىنلىرىنى بويلاپ بېلىق ۋە قۇش، ئۇسۇملۇكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىپ، چارۋا بېقىپ ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن، مانا بۇ كىرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە كەڭرى دائىرىدە مۇقىم شەھەر بەرپا قىلمىغانلىقتىن، رايون نامى لوپنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنى لوپلۇق دەپ ئاتاپ ھازىرمۇ ئارىمىزدا ياشاپ كەلمەكتە.

# كرورانلىقلار كىملەر؟

ئەخمەت مۆمىن تارىمى (تەكلىپلىك تەتقىقاتچى)

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بوستانلىقلار، دەريا - ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى، تاغ ئېتەكلىرى، دەريالارنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا رايونى ۋە كۆل، بۇلاق ئەتراپىدىكى جايلار ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە تېرىقچىلىق قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل تەبىئىي مۇھىت ۋە بۇ رايوندىن تېپىلىۋاتقان تاشقا ئايلانغان ئادەم سۆڭەكلىرى بۇ رايوندا ئەڭ كەم دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار ياشىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا «بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىقتىن چارۋىچىلىققا، مېۋە - چېۋە يىغىشتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش دەل مىلادىدىن 5000 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرت - شارائىتىغا مۇناسىپ هالدا تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق ئەڭ ئاۋۋال ئاساسەن جەنۇبىي قىسمىدىكى چەت، ياقا رايونلار ياكى مۇنبەت بوستانلىقلاردا، مەسىلەن، زەرەپشان دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى، پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كەلگەن ... مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللارغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا شىمالنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە جەنۇبنىڭ بوستانلىق رايون دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل ئىگىلىك شەكىللەنگەن[①]. يۇقىرىقىلار-دىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ، جۈملىدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000_2000 يىللار ئارىلىقىدىكى ئىگىلىكىنى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى، بۇ جايدا ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىلەرنى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنى-دىغان ئاھالىلەر بولماستىن، بەلكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالە دەپ جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ تارىم رايونىدا ياشىغان ئەڭ قەدىمكى ئاھالىلەر، جۈملىدىن كرورانلىقلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا، يۇقىرىدىكى هالقىلىق مەسىلىگە، يەنى «تارىم ئويمانلىقىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5000_2000 يىللار ئارىلىقىدىكى ئىگىلىكىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئىكەنلىكى، بۇ جايدا ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان،

---

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1 - قىسىم)، 18 - بەت.

www.uyghurkitap.com



مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالە ئىكەنلىكى»دىن ئىبارەت بۇ بىر نۇقتىغا سەل قارىغان ھالدا، بۇ رايوندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، بۇ رايوندا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەر تىلى مەنسۇپ بولغان تىل تۈركۈمى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپلا، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا، يەنى قەدىمكى زاماندىكى ساكىيان رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن ۋە شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئايرىم ساك ئۇرۇقلىرى بىلەن قان ـ قېرىنداش بولغان ئارىيانلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارىيانلار ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولۇپ، بەزى ئالىملار مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ناھايىتى ئېغىر كېلىمات ئۆزگىرىشى بولغانلىقى، شۇڭلاشقا بۇ جايدا ياشايدىغان ئارىيانلار تېز سۈرئەت بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى غول بىر قىسمىنىڭ ھازىرقى قەشقەر ئەتراپىدىن چىڭخەي، گەنسۇ ئەتراپىغىچە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ»① . ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى چىيەنداۋشىنىسى ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» دېگەن ئەسىرىدە: «نۇرغۇن ماتېرىياللاردا بىردەك پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكىلەر ئىرانلار دەپ قەيت قىلىنىدۇ، بىراق شەرقىدىكى، يەنى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغانلار قايسى مىللەتتىكىلەر؟ ... بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى تىل. قەدىمكى غەربىي رايوندا قوللىنىلىپ كەلگەن ئاساسىي تىللار، مەسىلەن، خوتەن (ئودۇن) تىلى، سوغدى تىلى، قىزىل تىلى، توخار تىلى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، بۇ تىللارنىڭ تۈرلىنىشتە ھىندى ـ ياۋروپا تىلىنىڭ ئىككى سىستېمىسىغا كىرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى ... . خوتەن تىلى كېيىنتىم تىلىغا كىرىدۇ ... دېمەك، تارىم ئويمانلىقىدىكىلەرنىڭ تىلى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىرقىي جەھەتتە ئارىيان مىللىتىگە كىرىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ② .

خەن كاڭشىن ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى» دېگەن ماقالىسىدە: تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭىكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئانتروپولوگىيە تەھلىللىرىگە ئاساسلانغاندا ... ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرق تەركىبىدە قەدىمدە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئارىيانلارنىڭ ئىرق ئامىللىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ»③ دەپ قەيت قىلىپ، تارىم

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 58 ـ، 59 ـ بەتلەر.

② چىيەنداۋ شىنىسى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، 22ـ، 23 ـ، 178 ـ، 179 ـ بەتلەر.

③ خەن كاڭشىن: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان.

رايوندا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىنىڭ ئارىيانلار ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. لياڭ جىڭجى ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ «خەن دەۋرىدىكى تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى ۋە تارقىلىشى» دېگەن ماقالىسىدە: «ئېنگلىس ئوتتۇرا ئاسىيانى ياۋروپا ئىرقىدىكى ئارىيانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونى دەپ قارايدۇ. ئىرقىي كېلىپ چىقىشىنى مەركەز قىلىپ زامان ۋە ماكان ئارىلىقى مۇناسىۋىتىدىن ئالغاندا، تارىم رايونى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارىيان ئىرقىنىڭ پەيدا بولغان جايىغا يېقىن كېلىدۇ … . خەن دەۋرىدىكى تارىم رايونىدىكى ئىرقلارنىڭ ئاساسىي تەركىبىي ئارىيان ئىرقىدۇر»① دەپ مۇلاھىزە قىلىپ، مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەرنى ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ، يەنى ئارىيانلار زور سالماقنى ئىگەلەيدۇ، دېگەندىن يوشۇرۇن مەنا بېرىدۇ. يەنە تارىم ئويمانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئاھالىسىنى ساكلار دەپ قارايدىغانلارمۇ بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق روسىيىلىك لىتوۋىنسكى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن ئەسىرىدە: «تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان ساكلار تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى XX ئەسىر ئەتراپلىرىدا ئاللىقاچان تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا كەلگەن»② دەپ ئىزاھات بېرىدۇ. ئەمما، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ تولۇق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئارىيانلار ئەسلى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، «نەچچە قېتىم جەنۇبقا كۆچۈپ ياۋروپالىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ، ئىرانلىقلارنىڭ ۋە ئارىيان مىللىتىگە تەۋە ھىندىلارنىڭ ئورتاق ئەجدادى بولۇپ قالغان … ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە جەنۇبقا كۆچۈشكە باشلاپ، ئىران ئېگىزلىكىگە كەلگەن. يەنە مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500 - يىلى ئەتراپلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرگەن»③. «دەل مۇشۇ كۆچۈشلەردە ئارىيانلارنىڭ بىر تارمىقى مەركىزىي ئاسىيا، يەنى رايونىمىزنىڭ تارىم ۋادىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان»④. دېمەك، بۇنىڭدىن ئارىيان دەپ ئاتالغان بۇ خەلقنىڭ كۆپ بولغاندىمۇ مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرى تارىم ۋادىسىغا سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ساكلار بولسا ئارىيان ئىرقىدىكى خەلق بولۇپ، «ئىلىم ساھەسى ساكلارنىڭ ئارىيانلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ»⑤. «يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ساكلارنى ئارىيانلارنىڭ پامىر،

---

① لياڭ جىڭجى: «خەن دەۋرىدىكى تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى ۋە تارقىلىشى»، «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى» (2 - قىسىم)، 3 -، 33 -، 34 -، 35 -، 40 -، 41 -، 43 - بەتلەر.

② ئەسئەت سۇلايمان: «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 - يىللىق 1 - سان.

③ چيەنداۋشىنسى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، 22-، 23 -، 178 -، 179 - بەتلەر.

④ ئابدۇشۈكۈر بەسىرى: «قەدىمكى قىياتاش سىزمىلىرىدىكى ئىلمەكلىك كرېست (卐) ھەققىدە»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 1 - سان.

⑤ لياڭ جىڭجى: «خەن دەۋرىدىكى تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى ۋە تارقىلىشى»، «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى»، (2 - قىسىم)، 3 -، 33 -، 34 -، 35 -، 40 -م 41 -، 43 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



چىلىيەنشەن تۈركۈمى دەپ قارايدۇ»①. لىتوۋىنسكىنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، «ساكلار تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللار ئەتراپلىرىدا تارىم ئويمانلىقىغا كىرگەن بولۇپ»، بۇ ئارىيانلارنىڭ تارىم ۋادىسىغا كەلگەن ۋاقتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش چىقىدۇ ھەم ساكلارنىڭ ئارىيانلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا تولۇقلىما بولىدۇ. يەنە كېلىپ، مەيلى ئارىيانلار بولسۇن، ساكلار بولسۇن، ھەممىسىلا كۆچمەن چارۋىچى خەلق بولۇپ، ئەگەر بۇلار تارىم رايونىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇلارنىڭ جان تومۇرى بولغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تارىم رايونىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى 2000-5000 يىللار ئەتراپىدىكى تەبىئىي مۇھىتىغا، يەنى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كېلىدىغان تەبىئىي شارائىتىغا زىت كېلىدۇ. ئۇنداقتا ئارىيانلار، ساكلار تارىم ئويمانلىقىغا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ جايدا ئاھالىلەر ياشىغانمۇ؟ ئەگەر ياشىغان بولسا، ئۇلار زادى قانداق ئاھالە؟ بۇلار بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ مانا بۇ مەسىلە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە.

ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولغىنىدەك، «ئوتتۇرا ئاسىيا كۆپ ھاللاردا تارىخشۇناسلار، ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن ئىنسانىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. سوۋېت ئالىملىرى ‹ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللەنگەن مەركەزلىرىدىن بىرى› دەپ تەھقىقلەشتۈرىدۇ. گەرچە مايمۇنسىمان ئادەملەر بايقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ‹ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ بىرىدۇر›. ئېدۋارد. م. بورنىس ۋە فىلىپ. لى. رالىن ئۆزلىرىنىڭ ‹دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى› دېگەن ئەسىرىدىمۇ: ‹ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپ قەيەردە پەيدا بولغانلىقى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس. ئەمما پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىنسانلار ئەجدادلىرى ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان ۋە ئاۋۇغان جاي بولۇشى مۇمكىن› دەپ كۆرسەتكەن»②. «بۇ كەڭ كەتكەن زېمىندا ئەڭ دەسلەپ كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا كىشىلەر تەرىپىدىن ئېچىلىپ بولۇنغان»③. جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقىدىمۇ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6-5 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ رايوندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك

① ئەسئەت سۇلايمان: «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 - يىللىق 1 - سان.

② ئەسئەت سۇلايمان: «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 - يىللىق 1 - سان.

③ لياڭ جىڭجى: «خەن دەۋرىدىكى تارىم رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى ۋە تارقىلىشى»، «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى» (2 - قىسىم)، 3 -، 33 -، 34 -، 35 -، 40 -، 41 -، 43 - بەتلەر.

قېزىلمىلارمۇ بۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈردۇ. مەسىلەن، ئاتۇشتىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان بېيجىڭ جۇكۇدىيەن «ئۈڭكۈر ئادىمى» بىلەن زاماندىش بولغان شىنجاڭ «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى[①] بۇنىڭ ئېنىق دەلىل بولۇپ، بۇ، تارىم رايونىدا ئىنسانلار ياشىغان ۋاقىتنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردۇ. مېنىڭچە، شىنجاڭ «ئاتۇش ئادىمى»، تېخىمۇ كەڭرەك دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ «ئاتۇش ئادىمى» ۋەكىللىك قىلغان ئاشۇ بىر تائىپە خەلقنى تارىم رايونىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى، يەنى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەسلى يەرلىك ئاھالە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئىلمىي بايان ۋە ماددىي ئىسپات مۇشۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىمىزگە مۇمكىنچىلىك يارىتىدۇ. ئەمدى تۆۋەندىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي ئىسپات بىزنى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان بۇ ئەڭ دەسلەپكى يەرلىك ئاھالە توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 1979 - يىلى لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىن بىر ئايالنىڭ جەسىتىنى تاپتى ... بۇ جەسەت 1981 - يىلى 2 - ئايدا شائخەيگە ئېلىپ بېرىلدى. شائخەي 1 - تېببىي ئىنستىتۇتى، شائخەي تەبىئەت مۇزېيى قاتارلىق 19 دىن ئارتۇق پەن تەتقىقات ئورنىدىكى خادىملار بۇ جەسەتنى ئىلمىي ئانالىز قىلىپ، ئۇنىڭ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكىنى، 40-45 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، قېنى (O) تىپلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ جەسەتنىڭ تارىخى ... كەم ھېسابلىغاندىمۇ 4000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، 1 - قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 6470 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا مەنسۇپ ئىكەنلىكى بېكىتىلدى»[②]. «بۇ جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن چىغ سېۋەتكە بۇغداي قاچىلانغان. دېمەك، بۇ بۇنىڭدىن 4000 يىل ئىلگىرى مۇشۇ جايدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن ۋە تاللانما ئورۇقلارنى ئىشلەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ»[③]. بۇ بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «تارىم رايونىنىڭ مىلادىيدىن 2000-5000 يىللار ئىلگىرىكى ئىگىلىكىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 58 -، 59 - بەتلەر.

② «خەلق گېزىتى» نىڭ 1981 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان كىرورانىدىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەت توغرىسىدىكى خەۋەرگە قارالسۇن.

③ ھاجى نۇر ھاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 13 -، 14 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكى، بۇ جايدا ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالە ئىكەنلىكى» دېن ئىبارەت بۇ كۆزقاراشنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ، شۇنداقلا بىزنى بۇ ئەڭ قەدىمكى تارىم، جۇملىدىن كروران ئاھالىسىنىڭ ئىرقى، ئىگىلىك شەكلى توغرىسىدا مەلۇم دەلىللەرگە ئېرىشتۈردۇ. بۇ ئايال جەسەتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشىدىن ۋە بۇ جەسەتتىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئايال ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، ئۇستىخانلىق، ئاق يۈزلۈك، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، چېچى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە كەلگەن، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان گۈزەل ئايال بولۇپ (ھازىر ئۇ «كروران گۈزىلى» دەپ ئاتالماقتا)، تىپىك ئاق تەنلىك ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ. خەن كاڭشىن ئەپەندىنىڭ «ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىرق مىس قورال دەۋرىدىكى ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىدۇر» دېگەن بايانىمۇ بۇنى دەلىللەيدۇ[1].

دېمەك، بۇنىڭدىن تارىم رايونىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئاھالە ئىرقىنىڭ سېرىق تەنلىك خەلقلەرگىمۇ مەنسۇپ بولمىغان، ھازىرقى ياۋروپا ئىرقىغىمۇ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان، بەلكى ئەينى دەۋردىكى تارىم رايونىنىڭ كىلىماتىغا ماسلاشقان ھالدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاق تەنلىك ئىرق ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ ئەڭ قەدىمكى تارىم ئاھالىسىنىڭ ئىگىلىك شەكلى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش شارائىتىدىكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بولۇپ، يەنە قىسمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئايال جەسەت بىلەن بىللە تېپىلغان يۇڭدىن ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى، بۇ رايوندا يەنە قىسمەن چارۋىچىلىقنىڭمۇ بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، ئابدۇقەييۇم خوجا ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» دېگەن ئەسىرىدىكى «ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان نەچچە ئون يىللىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر بۇ دەۋردە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي، شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قارا قۇرۇم (كۇئېنلۇن) ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى، بىپايان تەكشىلىكلەر ۋە دەريا ۋادىلىرى، تارىم ۋادىسى، تۇرپان ۋادىسى، يارىش تۆزلەڭلىكى ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا ... ئۇ

① خەن كاڭشىن: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان.

دەۋرلەردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساس، چارۋىچىلىق قوشۇمچە ئورۇندا تۇرغان بولسا، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى تاغلىق رايونلاردا چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىق، دەريا ۋادىلىرى ۋە مۇنبەت تۈزلەڭلىكلەردە دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان»① دېگەن بايان بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تارىم رايونىنىڭ، جۈملىدىن كروراننىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5ـ6 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان، ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولغان، يۇقىرى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىگە بولغان خەلقلەردۇر. بۇ خەلقنى ئۇلار ئاپىرىدە بولغان ماكانىنىڭ نامى بىلەن، يەنى مۇبارەك تارىم ۋادىسىنىڭ نامى بىلەن «تارىملىقلار» دەپ ئاتاش بىرقەدەر مۇۋاپىق.

ئەمدى بۇ تارىملىقلار بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مۇناسىۋىتى توغرىسىدا، كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار ئۇلارنىڭ ئىرقى، ئىگىلىك شەكلى، مەدەنىيىتى، ماكانلىشىشىنى نۇقتا قىلىپ، ئۇلارنى ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ قاراۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات داۋامىدا ئىرق، ئىگىلىك شەكلى، مەدەنىيەت، ماكانلىشىش جەھەتتە كۆپ ئۆزگىرىش ياسىغانلىقتىن، بۇ قاراش پۈتتەرەپ تۇرالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدا DNA تېخنىكىسىغا مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپ، بۇ ھەقتە كەسكىن بىر نېمە دېيىش قىيىنغا توختايدۇ. DNA تېخنىكىسى تەتقىقاتچىلارنى ئادەملەرنىڭ ئىرسىي گېنىدىكى DNA (ئازوتسىزلانغان شېكەر مالېكۇلىلىق نوكلېئىن كىسلاتاسى) ماددىسىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىرقىي تېپىنى ئېنىقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى ئۈستىدە تامامەن توغرا خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ. جۈملىدىن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ DNA سى بىلەن تارىمدىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا كروراندىن تېپىلغان مومىيا جەسەتلەرنىڭ DNA سى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ئانالىز ئېلىپ بېرىلسا، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئېنىق بىر خۇلاسىگە كەلگىلى بولاتتى. ئەپسۇسكى، ھازىرغىچە بۇ خىزمەت ئىشلەنمىدى. ئەگەر مۇشۇنداق خىزمەت ئىشلەنگەن بولسا، بىزنىڭ بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرۇشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى قالمايتتى. ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەت ئىشلىنىپ تارىملىقلار — كرورانلىقلار بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتى ئىلمىي ھالدا ئىسپاتلانسا ئەجەب ئەمەس.

---

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# «كروران»، «مىرەن»، «پىشامشان» ئاتالغۇلىرىنىڭ باغلىنىشى ۋە كروران دۆلىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا

ئابدۇراخمان باقى

«كروران» خەنزۇچە تارىخنامىلەردە 《楼兰》 دەپ ئاتالغان. بۇنى شۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سېۋېن ھېدىن ئىسپاتلىغان بولۇپ، ئۇ بۇ خارابىدىن تاپقان قارۇشتى پۈتۈكلىرىدىن بايقىغان 《KRORAINA》 دېگەن ئىسمىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى مەشھۇر 《楼兰》 نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. بۇ خارابە سېۋېن ھېدىنغا يول باشلىغۇچى بولغان ئۆردەك تەرىپىدىن 1900 - يىلى 3 - ئايدا بايقالغان.

«مىرەن» خەنزۇچە 《米兰》 دەپ ئاتالغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىدا: «كۆلنىڭ بىر تەرىپىدىن ئېقىپ چىققان چوڭ بىر دەريا جۇڭگونىڭ قارامورەنى دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان بولۇپ، «مورەن» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. كروران دۆلىتى تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇنى «مورەن»، يەنى مىرەن دەپ ئاتىغان.

«پىشامشان» خەنزۇچە 《鄯善》 دەپ ئاتالغان. ئۇ كروران دۆلىتىنىڭ باشقا بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى كروران بەگلىكىنىڭ خانى ۋىتۇگېت پايتەختىنى جەنۇبقا كۆچۈرۈپ «كروران» دېگەن بەگلىك نامىنى «پىشامشان» غا ئۆزگەرتكەن.

دېمەك، «كروران»، «مىرەن»، «پىشامشان» بىر ئەلنىڭ نامىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر. تۇماس بۇ ناملارنى تارىخىي تەرەققىيات تەرتىپى بويىچە مۇنداق رەتكە تۇرغۇزغان:

(1) «كروران» پايتەخت بىلەن ئىسمىداش دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ.

(2) «پىشامشان» مىلادىيە 60 - يىلىدىن كېيىن زورايغان كروران دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە پىشامشان — كروران دۆلىتىنىڭ پايتەختىدۇر. مىرەن ئۇنىڭ بىر مەركىزىي شەھىرىدۇر.

1900 - يىلى 3 - ئايدا كروران خارابىسى تېپىلىپ، 1901 - يىلى 3 - ئايدا بۇ خارابە تەكشۈرۈلۈپ، بىر

ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان نۇرغۇن تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، كروران دۆلىتى قاچان قۇرۇلغان؟ ئۇنىڭ پايتەختى قەيەر بولغان؟ ئۇ قانداق ۋەيران بولغان؟ دېگەندەك نۇرغۇن سىرلار تېخى يېشىلمەي تۇرماقتا.

بىزنىڭ كروران ھەققىدىكى يازما ئۇچۇرلىرىمىز مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن باشلىنىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخچى سىماچيەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 145 ~ 86 - يىللار) «تارىخي خاتىرىلەر» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا مۇنداق ئۇچۇرلارنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان: «كروران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنجىتىلدى، ھەممىسى ھونلارغا تەۋە بولدى. بارچە ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى». بۇ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسىگە يازغان مەكتۇبىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بىز بۇنىڭدىن كروران دۆلىتىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلىدىن بۇرۇن مۇستەقىل ئەل بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلى كروران دۆلىتى ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ھونلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنىمۇ ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەن. يەنە شۇ ۋاقىتتىكى ئىككى كۈچلۈك، قۇدرەتلىك دۆلەت خەن پادىشاھلىقى بىلەن ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنلىكتىن، بۇ ئىككى كۈچلۈك دۆلەت تۇرلۇك ئاماللار بىلەن كروران دۆلىتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغان.

كروران دۆلىتى ھون تەڭرىقۇتلۇقىدىن كۆپ ئاجىز بولغاچقا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 176 - يىلىدىن 108 - يىلىغىچە ھونلارنىڭ ئىلكىدە تۇرغان. كروران دۆلىتى خەن سۇلالىسى بىلەن بەزىدە ياخشى، بەزىدە ناچار ئۆتكەن بولۇپ، ھونلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بەزىدە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار، ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قاماپ قويغان ۋە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بولۇپمۇ خەن پادىشاھى جاۋدى دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 87~74 - يىللىرى) كروران خانى ئەنگۈي خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىپ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىگە توسقۇنلۇق قىلغان، ئەنگۈي بۇرۇن ھونلاردا ئەلچى بولۇپ تۇرغان بولۇپ، ھونلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بىرقانچە قېتىم خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، پۇل - ماللىرىنى تارتىۋالغان. خەن سۇلالىسى مىلادىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى ئەنگۈينى جازالاش ئۈچۈن ئۇلۇغ سانغۇن تەپتىش بەگ پۇجيېزىنى ئەۋەتكەن، پۇجيېزى كرورانغا كەلگەندىن كېيىن، ھەمراھلىرى ئەنگۈينى خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرگەن. پۇجيېزى ئەنگۈينىڭ ئىنىسى ۋىتوگېيتنىڭ خان بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئەنگۈينىڭ ئىنىسى ۋىتوگېيت بۇ ۋاقىتتا خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندە بولۇپ، پادىشاھ خەن جاۋدى كرورانىنىڭ پايتەختىنى جەنۇبقا يۆتكەپ دۆلەت نامىنى پىشامشانغا ئۆزگەرتىشنى بەلگىلىگەن. ۋىتوگېيت چاڭئەندىن يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا تامغا ئويۇپ بەرگەن. ئۇ يولغا چىققاندىن كېيىن خەن

uyghurkitap.com



سۇلالىسىنىڭ نەچچە يۈز ۋەزىر ـ سانغۇنى شەھەر دەرۋازىسىغىچە ئۇزۇتۇپ قويغان. ۋىتوگېت كرورانغا كەلگەندىن كېيىن، ھونلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇقرالىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جەنۇبقا كۆچۈپ كەتكەن. كروران بەگلىكى پايتەختىنى يۆتكىگەندىن كېيىن خەن سۇلالىسى ئۇ يەردە تۇتۇق ھېراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ قاتنىشىنى كاپالەتلەندۈرگەن. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، بۇ ۋاقىتلاردا كروران دۆلىتى بىر تەرەپتىن ھونلارغا، يەنە بىر تەرەپتىن خەن سۇلالىسىگە قارام بولغان ھەم ئۆز مۇستەقىللىقىنى نىسبىي ساقلاپ كەلگەن.

ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كروران رايونىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى ياخشى بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك خېلى گۈللەنگەن، سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر ئۆزئارا قوشۇلۇشقا باشلىغان، نوپۇس سانىمۇ ئاۋۇغان.

جۇرۇيچاۋ ۋە ستەيىن قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ كروراندىن تاپقان ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن چىقارغان ئىلمىي ھۆكۈمىدىن قارىغاندا، كروران شەھىرى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، يەنى مىلادى 376 ـ يىلى جىن سۇلالىسى ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن تاشلىنىپ قالغان. جۈملىدىن مىلادى 3 ـ ئەسىردىن كېيىن لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېقىنلار ھەم بورانىنىڭ ئاپىتىگە ئۇچراپ توسۇلۇپ قالغاچقا، كروران شەھىرى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تۈپەيلىدىن تەكلىماكاننىڭ رەھىمسىز قۇم بورانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. ياپونىيىلىك چيەنداۋشىنسى ئەپەندىمۇ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» دېگەن كىتابىدا: «مۇشۇنداق ئەپچىللىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پىشامشانمۇ تەبىئىي شارائىتنىڭ قاتتىق ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالماي، تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىن يولىنىڭ كۆچۈشى بىلەن تاشلىنىپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانىيەت ياشىغان بۇ جايلار بارا ـ بارا كۆچمە قۇم ئاستىدا قالغان» دەپ يازغان.

قىسقىسى، مىلادى 3 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا كروراندا تەبىئىي مۇھىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى، جۈملىدىن سۇنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، قۇم ـ بوراننىڭ بېسىپ كىرىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ رايوندا ياشىغۇچى خەلقلەر ئۆز ماكانىدىن ئەتراپتىكى بوستانلىقلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① غالىب بارات ئەرك: «كروراننىڭ سىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىللىق 1 ـ سان.

③ كىلىمكېت (گېرمانىيە): «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى.

④ فولك بېرگمان (شىۋېتسىيە): «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى»، ياسىن ئەيسا تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى.

# «ئاتۇش ئادىمى» — ئانا ۋە «كروران گۈزىلى» — ئانا ئىزنالىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادىغا نەزەر

ئۆمەر ئوسمان شىپائى تېكىن

## قۇرىغار ۋە ئۇيغۇرلار

بۇگۈنكى «شىنجاڭ» دېگەن نام جۇڭگو تارىخنامىلىرىدە «شىيۇ» (西域، غەربىي يۇرت) دەپ ئاتالغان. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇتۇكلىرىدە بولسا «قۇرىغار» (غەرب تەرەپ) دەپ ئاتالغان. «شىيۇ» بىلەن «قۇرىغار» سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ئاساسەن بىردەك بولۇپ، «شىيۇ» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلارنى كۆرسەتسە، «قۇرىغار» كۆكتۇرك قاغانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلارنى كۆرسەتكەن.

قۇرىغار رايونى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەل شارائىتى بىلەن ناھايىتى كۆپ قەۋم - مىللەتلەرنى ئۆز پاناھىغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ رايوندا قەدىمدە ئۇيغۇلارنى ئۆزەك قىلغان ھالدا قاڭلى، ئۇلۇغ ياۋچى، باكتېرىيە، ئارساك، ئۇدۇن، خاماكا (چىرىيە)، ئۇرۇمتاي (مىچۇەن)، كروران (چارقىلىق)، قوش (قۇس)، سوغداق، قانغۇي، بۇلغار، ھونگىر، قىپچاق دېگەندەك ئەللەر بولغان. جۇملىدىن 36 دۆلەت، كېيىنچە 50 نەچچە دۆلەت مەيدانغا كەلگەن. بۇ دۆلەتلەردە ھونلار ئۇرۇقىدىن بولغان تۈركلەرنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن ئۇرۇقداشلار ياشىغان. ئۇلار خەنزۇچە تارىخنامىلاردا دى، دىلى (تېلى، دىڭلىڭ)، رۇڭ، گاۋجۈي، چىلى (سېلى)، خۇ (غۇز) ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ يازمىلىرىدا ھون، ئارىيان، ساك (سكىف - ساكتاي، ماساگىت)، ۋىنگىر، بۇلغار، توخرى، سوغدى، غۇز، پېچىنەك، قىپچاق ... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەددىچىن سىرتىدىكى ھىنگان تاغلىرى، ئۇرخۇن - سېلىنگا دەريالىرى ۋادىسىدىن ئىران تۈزلەڭلىكلىرىگىچە، ۋولگا - دون - دوناي دەريا ساھىللىرى ۋە كاپكاز تاغ قاپتاللىرىدىن ھىندىستان، كەشمىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئېدىرلىقلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياشىغان نۇرغۇن ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ تۈرك — ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى قەيت قىلغاندەك، «بۇ يەردە ياشىغان يەرلىك مەدەنىي ئاھالە ئىلگىرى مەيلى شەرقتىن كەلگەن بولسۇن ياكى غەربتىن كەلگەن بولسۇن، ئۇلار نۇرغۇن زامانلار-نىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ، بالدۇرقى ھەر خىل ئاتالغان نام ـ ئاتاقلىرى ئۆزگىرىپ، ئۇيغۇرلار-نىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىگە ئايلانغان، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت»①.

«دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبى تۈرلۈك قەۋملەردىن تەشكىل تاپقان، يەنى دى (دىلى، دىڭلىڭ)، تېلى، ساك، گاۋجوي، يۈشى (ياۋچى)، چياڭ ۋە باشقىلار. مىلادىيە VI ئەسىردە 〈ئۇيغۇر〉 دېگەن نام بىلەن چوڭ قاغانلىق بولۇپ تارىخ سەھنىسىگە چىققان ۋاقىتتىكى بۇ مۇرەككەپ مىللەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قەبىلە ـ ئۇلۇسلىرى ھەققىدە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق»②.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە»③ داستانىدىكى شەرھلەردە «ئوغۇز» دېگەن نام ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قاغانىنىڭ ئىسمى دەپ ئىزاھلانغان.

ئىسلام تارىخچىلىرىدىن XVI ئەسىردە ياشىغان ئىرانلىق فەزلۇللاھ رەشىددىن يازغان «جامىئۇتتاۋارىخ» ۋە XVII ئەسىردە ياشىغان خارازىم شاھى ئەبۇلغازى مۇھەممەت باھادىرخان بىننى مۇھەممەت ئەرەپشاھ (1605ـ1663) يازغان «تارىخىي شەجەرەئى تۈركىي» ناملىق ئەسەرلەردىمۇ «ئوغۇزخان» قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. «جامىئۇتتاۋارىخ» تىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئوغۇز نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ بارلىق تۈرك موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ ھېسابلانغان قاراخاننىڭ ئوغلى ئىكەن. ئوغۇزخاننىڭ بوۋىسى ئەبۇلچەخان ئەسلىدە ئاۋۇر تاغ بىلەن قىز تاغ ئارىسىدىكى ئىنانچ شەھىرىدە ياشايدىكەن④. بالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىغان دادىسى بالىسىغا قارشى لەشكەر تارتىپتۇ. ئۇرۇشتا ئوغۇز

① ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 47 ـ بەت.

② ئىمىن تۇرسۇن «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى 50 ـ، 51 ـ بەتلەر.

③ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى 61 ـ بەت.

④ س. پ. تولستوف قاتارلىقلار تۈزگەن «ئېتنىنگرافىيە ھەققىدە بايان»، 1960 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 1 ـ جىلد 22 ـ بەت.

غەلىبە قىلىپ، دادىسى قاراخاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. دادىسىنىڭ پايتەختى ئىنانچ شەھىرى، تالاس، سايرام، بۇخارا شەھەرلىرىنى ئىگىلەپتۇ، ئۇزاق يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ تاغىلىرى ۋە باشقا ئەۋلادلىرىمۇ ئوغۇزغا تەسلىم بوپتۇ، تەسلىم بولمىغانلار شەرق تەرەپكە كۆچۈپ ئۆز ئالدىغا ياشاپتۇ. ئۇلار كېيىنچە «مۇڭ ـ ئۇل» (موڭغۇل) دەپ ئاتىلىپتۇ. بىر كۈنى ئوغۇز ئالتۇن بارگاھ تىكىپ، ئۆز غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ناھايىتى چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىپتۇ. مەرىكىدە ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ بىللە جەڭگە قاتناشقانلارنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ «ئۇيۇشماق» دېگەن مەنىدە ئىكەن. ئۇرۇش جەريانىدا ھارۋا ئىجاد قىلغان ۋە قاتناش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلار «قاڭلى» دەپ ئاتىلىپتۇ، «قاڭلى» سۆزى «ھارۋىكەش» دېگەن مەنىدە ئىكەن. باشقىلار بولسا قارلۇق، قالىئاچ، ئاغاچار دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپتۇ. كېيىن ئوغۇزخاندىن كۈنخان، ئايخان، يۇلتۇزخان، كۆكخان، تاغخان، تېڭىزخان (دېڭىزخان) دېگەن ئالتە ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. كۈنخاندىن قايىۋ، بايات، ئالچارۇلى، قارايۇلى؛ ئايخاندىن يازىر، دۇقار، دۇردارغا، ياپرالى؛ يۇلتۇزخاندىن ئاۋشۇر، قىزىق، بېكدىلى، قارقىن؛ كۆكخاندىن باياندىر، بېچىنەك، جاۋۇلدۇر، چېپنى؛ تاغخاندىن سالۇر، يىمۇر، ئالايۇنل، ئاۋۇرقىز؛ تېڭىزخاندىن بېكدىر، بۇقدۇز، يىۋەخ، قىنىق قاتارلىق 24 ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. تۈركي قەۋملەر ئاشۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن.

«تارىخىي شەجەرەئى تۈركىي» دىمۇ ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەلۇمات بېرىلگەن.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا نەزەر ئاغدۇرساقمۇ، «ئوغۇزلار» خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىلا تىلغا ئېلىنغان. ئالايلۇق، «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسردە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالى (ھازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ غەربى)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ۋۇجيې (乌揭) ياكى خۇجيې (呼揭) نامىلىق قەبىلىنىڭ ياشىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ «ۋۇجيې» ياكى «خۇجيې» دېگەن سۆز «ئوغۇز»، جۈملىدىن «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت.

ئەمدى نەزەرىمىزنى قۇرىغار رايونىدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان «ئاتۇش ئادىمى» بىلەن بۇنىڭدىن 6000 يىللار ئىلگىرى ياشىغان «كروران گۈزىلى» قاتارلىق نامايەندىلەرگە ئاغدۇرۇپ باقايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



### ئاتۇش ئادىمى ۋە كروران گۈزىلى

1982 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئاغۇ يېزىسى ئاچچىق كەنتىنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىكى قارىيار دۆڭلىكىدىن بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل مۇقەددەم ياشىغان «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ باش سۆڭىكى قېزىۋېلىندى. ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ باش سۆڭەكنىڭ 18 ياشلىق ئەر كىشىنىڭ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى ۋە يەر قاتلىمى ئانالىزى ئىنتايىن ئېنىق ئىكەنلىكى، يىل دەۋرى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرى ياكى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ياشىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ بۇنىڭدىن 10ـ30 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاشقوراللار دەۋرىدىلا تارىم ئويمانلىقىدا ئىنسانلار ھايات كەچۈرگەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى.

يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 1978 ـ يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن مومىيالانغان بىر جەسەتنى قېزىۋالدى. بۇ دەل جاھان ئىنسانشۇناسلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «كروران گۈزىلى» بولۇپ، تەتقىقاتلاردىن ئۇنىڭ تەخمىنەن 40ـ50 ياشلاردا ئىكەنلىكى، چاچلىرى سارغۇچ قوڭۇر كەلگەن، ئۆڭكى سۇزۇك، قان تىپى O، بويى 1.55 مېتىر كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

كېيىن نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى، ئارخېئولوگىيە $C^4$ تەجرىبىخانىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تېخنىكا بۆلۈمى، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى $C^4$ تەجرىبىخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار «كروران گۈزىلى» بايقالغان قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ھەر خىل بۇيۇملارنى خىمىيىلىك تەجرىبە قىلىپ، يىل دەۋرىنى بۇنىڭدىن 6412± 117 يىل بۇرۇن دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. كېيىن يەنە تەجرىبە قىلىپ ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بېكىتتى.

«ئاتۇش ئادىمى» ۋە «كروران گۈزىلى» دىن ئىبارەت نامايەندىلەرنىڭ بايقىلىشى ئارخېئولوگىيە ۋە ئانتروپولوگىيە ساھەسىدىكى بوشلۇق خاراكتېرلىك زور ئىش بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى، قۇرىغار رايونى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ چىقارغان بەزى ھۆكۈملىرىنى ۋە قىياسەن باھالىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ئالىملار ئارىسىدا بىر

قېتىملىق تەپەككۇر سىلكىنىشى ھاسىل قىلىپ، يېڭىچە تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدى.

ئۇنداقتا «ئاتۇش ئادىمى» ۋە «كروران گۈزىلى» قاتارلىق شىنجاڭدىن تېپىلغان بۇ جەسەتلەرنىڭ ئىرقىي تېپى زادى قانداق؟

بۇ بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ، بىر ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاب بېرىش تەسرەك. ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ئالىملار، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆزقاراشلىرى، بەرگەن باھالىرى بىردەك ئەمەس.

قەدىمدىن سۈرۈشتۈرگەندە، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھەرقايسى مەنبەلەردە ساك، ماساگېت، سىكىف ـ سىكتاي، ئارىيان، توخرى، سوغدى قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ بولغان خەلقلەر بولۇپ، «ئاۋېستا» ۋە «شاھنامە» لەردە «تۇر»، «تۇرا» ۋە «توران» دەپ ئاتالغانلار مۇشۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «تۇرانلارنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق ـ قەبىلە-لىرى غەربكە كۆچۈش داۋامىدا تەدرىجىي يوسۇندا شەرققە سۈرۈلگەن ياۋروپا ئىرقىدىكى ئارىيانلار بىلەن ئۇچراشقان، بۇ خىل ئۇچرىشىش ئۇلارنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەتلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن»[①].

«پۈتكۈل توران ۋە ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدا قەدىمىي سىكىف (ساك) لار ياشىغان بولۇپ، يۇنان تارىخچىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 639 ـ يىلى مېدىيە پادىشاھلىقى ھەققىدە بەرگەن ئۇچۇرلىرىدا تۇرانلىقلار ـ ساكلاردۇر دەپ چۈشەنچە بەرگەن. توران، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەر ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلارنىڭ ئومۇمىي نامى»[②]. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننى قولغا ئالغان ئەمىر تېمۇرمۇ (1333～1405) ئۆز ئۆگۈتلىرىدە: «بىز كىم ـ چۈنكى توران، بىز كىم ـ مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئۇلۇغى بولغان تۈركنىڭ باش بوغۇنىمىز»[③] دەپ خىتاب قىلغان.

ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي توغرىسىدىمۇ ئېلىمىز ئالىملىرى رېن يىفېي بىلەن دوكتۇر ياسىن ھوشۇر خۇلاسە تەرىقىسىدە مۇنداق يازغان: «دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىنسانشۇناس ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇر مىللىتىدە ئىرقىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تىپ بار: بىرىنچى، يەكەن دەرياسى بويلىرىدىكى مارالبېشى، خوتەن ھەم

---

① س. پ. تولستوف قاتارلىقلار تۈزگەن «ئېتنوگرافىيە ھەققىدە بايان»، 1960 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 1 ـ جىلد 22 ـ بەت.

② ئەسئەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، 156 ـ بەت.

③ بوروباي ئەھمەدوف نەشرگە تەييارلىغان «ئەمىر تېمۇر تۈزۈكلىرى»، تاشكەنت «نەۋرۇز» نەشرىياتى 1992 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى 9 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com



تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر - پەرغانە تىپى (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى دەريا تىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گەۋدىلىك. ئىككىنچى، دولانلىقلار، كەلپىن، ئاقسۇ، پەيزىۋات قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جەنۇبىي سىبىرىيە ئىرقى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۈچىنچى، يەنە بىر قىسىم ئادەملەر ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئۇزۇن، ئوتتۇرا باشلىقلار تىپىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىنىڭ ھىندى - ئافغان تىپىغا كىرىدۇ».

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئانتروپولوگىيىلىك ۋە گېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۈچ لىنىيە بويىچە، يەنى بىر قىسمى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئۇرخۇن، سېلىنگا دەرياسى بويلىرىغا، ئىككىنچى قىسمى قازاقىستان ئەتراپىدىكى بالقاش كۆلى، يەتتە سۇ، ھەتتا كاپكاز تاغلىرى ئېتەكلىرىگىچە، ئۈچىنچى قىسمى بولسا شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىغا مەركەزلىشىپ ئورۇنلاشقان.

ئەمدى ئېلىمىزدىكى ئىنسانشۇناسلار «كروران گۈزىلى» ئۈستىدە توختالغاندا: «بۇ جەسەتتە قەدىمكى ئارىيان ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە ياشىغان بىر ئاز سانلىق مىللەتتۇر» دەپ ھۆكۈم قىلغان①. بۇ ھۆكۈم خېلى توغرىدەك قىلىسىمۇ، بۇ ئايالنىڭ قايسى ئاز سانلىق مىللەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ئېيتىلمىغان.

«ئاتۇش ئادىمى»، «كروران گۈزىلى» قاتارلىق نامايەندىلەر بىردەك ئاق تەنلىك سىستېمىدىكى يەرلىك «تارىم ئىرقى» دۇر. ئۇلار قانداقتۇر باشقا جايلاردىكى (كاپكاز، ئىران، سىبىرىيىدىكى) قەۋملەرنىڭ ئەۋلادى ئەمەس. چۈنكى، تارىختا ئاسىيا، ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ شەرققە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئانچە كۆپ يولۇقمايدۇ، لېكىن شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى تەكرار - تەكرار كۆرۈلگەنلىكى ئىلىم ئەھلىگە ئاياندۇر. قۇرىغار رايونى، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونى تەۋەسىدىكى قەۋملەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئاساسىي مىللەت بولۇپ، كۆپلىگەن ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۆزىگە خاس ئارىلاشما قانلىق ئالاھىدە بىر خىل «تارىم ئىرقى» نى ياراتقان. «ئاتۇش ئادىمى» تاش قاتمىسى بىلەن «كروران گۈزىلى» مومياسى ئەنە شۇ «تارىم ئىرقى» دىن ئىبارەت ئالاھىدە ئىرقىي تىپىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بىز پەخىرلىك ھېسسىياتىمىز بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا شۇنداق جاكارلىيالايمىزكى، «ئاتۇش ئادىمى» - ئاتا بولسا، «كروران گۈزىلى» — ئانا، ئۇلار بىز ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن تارىملىقلارنىڭ ئاتا - ئانىسى!

① خەن كاڭشىن: «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىقى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى 3 -، 5 -، 8 - بەتلەر.

# تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە باشقا خەلقلەر ماقال - تەمسىللىرىدىكى تەپەككۇر ئوخشاشلىقى

مۇقەددەس مىرزا

ھەر خىل خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئەمما، تەپەككۇر ئومۇمەن ئادەمزات ئۈچۈن ئورتاق ھادىسە بولغانلىقتىن، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مەنا جەھەتتىن كۆپ ۋاقىتلاردا ئوخشاش بولۇشى تەبىئىي. ئومۇمەن ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ماقال - تەمسىللىرىدىكى تەپەككۇر ئوخشاشلىقى، ئۇلارنىڭ مىللىي تىلىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ، دۇنيا قارىشىنىڭ، ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىرىپ، مۇرەككەپلىشىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

مۇنداق ئوخشاشلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ماقال - تەمسىللىرى ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ چۈشىنىشلىك ئەلۋەتتە، چۈنكى بۇ خەلقلەرنىڭ تىللىرى ھەممە جەھەتتىن — مورفولوگىيىلىك، لېكسىكىلىق، سىنتاكسىسلىق جەھەتتىن بىر بىرىگە يېقىن ياكى ئوخشاش. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ماقالە - تەمسىللىرىنىڭ ئوخشاشلىقى — تىلدىكى ئوخشاشلىق ياكى يېقىنلىقتىن، بۇ خەلقلەرنىڭ قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ بىر - بىرى بىلەن يېقىن، قوشنا ياشىغانلىقىنىڭ، ھاياتى، تىرىكچىلىكى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى، ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېقىن بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، بېكزات دىنا بېگالى قىزى قازاقتا «ادام الاسى — ىشىندە، مال الاسى — سىرتىندا»، تۈركمەندە «ادام الاسى — اچىندا، حاۋان الاسى — داشىندا»، ئۆزبېكتە «مال ئولاسى — سىرتىندا، ئودام ئالاسى — ئىچىندا»؛ قىرغىزدا «ادام الاسى — ىچىندە، مال الاسى — تىشىندا»، ئۇيغۇردا «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا» دېگەن مىساللارنى كەلتۈرۈپ، «تۈركىي ماقال - تەمسىللەر بىر - بىرىگە ئۆتۈشكەندە، كۆپىنچە سۆزمۇ - سۆز ئۆتۈشمەيدۇ. بىراق ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش كېلىدۇ» ① دەيدۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىللار

www.uyghurkitap.com



ئارا ماقالە ـ تەمسىللەردىكى ئوخشاشلىق تىللارنىڭ بىر ـ بىرىگە يىراق ـ يېقىنلىقىغا باغلىق، تىللار قانچە يېقىن بولسا، پەرقى شۇنچە ئاز بولىدۇ. قانچە يىراق بولسا، پەرق شۇنچە كۆپ بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق پەرقلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى تۈركىي تىللارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىل بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە مۇتلەق ئوخشاش بولالمايدۇ. بۇ پەرقلەر ئەسلىدە ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئەمەس، ئومۇمەن تىللار ئارىسىدىكى پەرقلەردۇر.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى ئوخشاشلىق ھادىسىسىنىڭ سەۋەبىنى ئاكادېمىيك ئە. قايدا مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بۇ ھادىسىنىڭ تەبىئىيلىكىنى سۆزسىز دەلىللەيدىغان بىرلا قائىدە مەۋجۇتتۇر. ئۇ بولسىمۇ خەلق دانالىقىنىڭ ھەممە دەۋردە ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاقلىقىدۇر. قانداق مۇھىتتا بولسۇن، قانداق ئېتنىك قەۋمدە شەكىللەنسۇن، ئادەمزات مەۋجۇدىيىتىگە خاس دانالىقنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم بىر ئوخشاشلىق، باراۋەرلىك بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئادەم بالىسىغا خاس باراۋەر پىكىر قىلىش ۋە دۇنياغا قاراش خۇسۇسىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر»②.

ھېچقانداق ئالاقە ـ مۇناسىۋەتتە بولمىغان، تامامەن باشقا ـ باشقا قىتئەلەردە ياشاۋاتقان، تىلىمۇ تامامەن ئوخشىمايدىغان خەلقلەر ماقال ـ تەمسىللىرىدىمۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك ئوخشاشلىق كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، چاۋشىيەن ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى «كۈن غەربتىن چىققانمۇ نېمە!» (سۆزمۇ سۆز تەرجىمىسى) ئۇيغۇرچىدىكى «كۈن نەدىن چىقتى!» دېگەن تەمسىلگە توغرا كېلىدۇ.

ئىنگلىز ماقالىدىكى «ئالماقتىن بەرمەك ئەلا» (سۆزمۇ سۆز تەرجىمىسى) مۇشۇ شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئومۇمەن بېرىش، باشقىغا ياردەم قولىنى سۇنۇش، خەيرى ئېھسان قىلىش مەنىسىگە ئىگە. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپلىگەن خەلقلەر ماقال ـ تەمسىللىرى ئارىسىدىكى مەلۇم ئوخشاشلىق — ئادەمزاتنىڭ تەپەككۇر ئومۇمىيلىقىدىن، ئادەمزاتنىڭ ئوخشاش شارائىتتا ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولۇشىدىن بولىدۇ. خۇلاسە شۇكى، خەلقلەر ئارا مەنىداش ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئوخشاشلىقى ئاشۇ خەلقلەرنىڭ تەپەككۇر ئوخشاشلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىكى ناھايىتى مۇھىم ھادىسە — مۇشۇ ئوخشاشلىقنى پەيدا قىلىدىغان خەلق دانالىقىدۇر.

---

**ئىزاھاتلار:**

① بېكزات دىنا بېگالى قىزى: «قازاق تىلىندەگى ماقال ماتەلدەرنىڭ تانىمدىق پراگماتىكالىق اسپاكتىسى»، كاندىداتتىق دىسسەرتاتسىيا افورەفەراتى (18 ـ بەت).

② ئە. قايدار: «حالىق دانالىعى (قازاق ـ ماقال ماتەلدەرىنىڭ تۈسىندىرمە سۆزدىگى جانە زەرتتەۋ)». توعاناي. ت الماتا، 2004 ـ يىل، 96 ـ، 97 ـ بەتلەر.

# ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى

تۇرسۇن بارات (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)

## 1. ئابدۇنىياز كامالنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئابدۇنىياز كامال 1910 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شاھ يېزىسى قاراسۇ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق كامال ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1932 - يىل 2 - ئايغىچە ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇش ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1931 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ھەمدۇللا ئەلەم، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، مۇسۇل مۇھىتى، دامۇللا ئابدۇللا بەگ نەيىملەر باشچىلىق قىلغان تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئۇ توقسۇندىكى قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، تۇرپان، مورى، جىمسار، گۇچۇڭلاردىكى ئۇرۇشلاردا بولىدۇ. 1933 - يىلى 5 -، 6 - ئايلاردا خۇجىنىيازھاجى، مەخمۇت مۇھىتى پىدائىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە ئۇمۇ پىدائىلار بىلەن بىرگە چېكىنىدۇ. 1933- يىلى 7 - ئايلاردا ئۇششاقتال، چوقۇ، قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، ئاقسۇ جامدىكى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىدۇ.

1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خۇجىنىياز ھاجى، مەخمۇت مۇھىتلار ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا چېكىنگەندە ئۇ بىرگە ئۇچتۇرپانغا كېلىدۇ. قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى ئۇچتۇرپاندا بىر ئاي تۇرۇپ ھاردۇق ئالغاچ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئۇلار قوغلاپ كەلگەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قىستىشى بىلەن 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قاقشال يولى ئارقىلىق قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، مىڭ بىر جاپالارنى چېكىپ 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەرگە كېلىدۇ. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرگە شەھەرنى ئېلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. خوجىنىيازھاجى ۋە مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قىسىملىرى 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يەكەنگە كەلگەندە ئۇمۇ يەكەنگە كېلىدۇ.

شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى ۋە مەخمۇت مۇھىتلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىغا ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى، مەخمۇت مۇھىتىگە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزۇنىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭىگى، قوشۇمچە 6 - دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭلىقىنى بەرگەندە، ئابدۇنىياز كامال مەخمۇت مۇھىتىغا قاراشلىق يېڭىساردا تۇرۇۋاتقان

www.uyghurkitap.com



3 ـ تۈمەن 1 ـ لىيەننىڭ لىيەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئۇ 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مەخمۇت مۇھىتى 16 ئادەمنى ئېلىپ چەت ئەلگە قاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يېڭىساردا تۇردى. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەخمۇت مۇھىتىنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن كاچۇڭغا بارغان قوماندانسىز 2000 ئەسكەر ئۇنى بىر ئېغىزدىن قوللاپ شىجاڭ قىلىپ سايلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئابدۇنىياز شىجاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. ئابدۇنىياز كامال 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا، يەنى 1937 ـ يىلى دۇنيادىكى چوڭ ۋە قۇدرەتلىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمدە شاڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تىز پۈكمەس، باتۇر كىشى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، خەلق ئىچىدە مەڭگۈ ئەسلىنىدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر شەخس بولۇپ قالدى.

## 2. ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئۆچتۇرپاندىكى ھەرىكەتلىرى

ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئۆچتۇرپاندىكى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى، خوجىنىياز ھاجى ۋە مەخمۇت مۇھىتىلارنىڭ سابىت داموللىنى قولغا ئېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى ئاغدۇرغانلىقى، مەخمۇت شىجاڭنىڭ چەت ئەلگە كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى پەيزىۋاتتىن ئۈركەشتامغا بېرىش سەپىرىدە ئاتۇشقا يېتىپ بارغاندا، قەشقەر كونا شەھەردىكى مافۇيەننىڭ ئەسكەرلىرى كەينىدىن قوغلايدۇ. ئۇ كاتتا يايلاقنىڭ باچاڭ دېگەن يېرىدە مافۇيەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ ـ دە، ئوتتۇرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى چېكىنىپ باچاڭ بىلەن ئاغۇغا چىقىپ، ئۇ يەردىن بوغاز بىلەن كۆكتامغا بارغاندا مافۇيەن ئەسكەرلىرى يېتىشىۋېلىپ، ئىككى تەرەپ تەڭگە تار تېغىدا ئۇرۇشىدۇ. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، شىراغلىق مىلتىق بىلەن مافۇيەن ئەسكەرلىرىدىن 22 نى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇڭگانلار چېكىنىدۇ.

بۇ ئۇرۇش 1934 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگۈچە داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى 116 نەپەر ئەسكەرنى ئېلىپ تېرەك، قىزىل بويى، ئۇلۇغچات بىلەن سىمخانىغا كېتىدۇ. تۇەنجاڭ سەمەتجان، نىياز دوتەيلەر ئاتۇشتىن چىققان 800 نەپەر تۇڭگان ئەسكەر بىلەن تا كەچ كىرگۈچە ئۇرۇشىدۇ. بىراق سەمەت تۇەنجاڭ، نىياز دوتەيلەر ئۇرۇشتا تۇڭگانلارغا تەڭ كېلەلمەي، 500 نەپەر ئەسكەرنى ئېلىپ كاتتا يايلاق ئارقىلىق پەيزىۋاتنىڭ شاپتۇل يېزىسىغا قاراشلىق قازانكۆل بىلەن قارا يۇلغۇنغا كېلىپ جاڭگال يولى بىلەن مەكىت ناھىيىسىگە چېكىنىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ئاغۇدىن چىقىپ جاپالىق يوللارنى بېسىپ ئۇلۇغچاتقا كەلگەندە، بۇ يەردە ئۇلارنى سوۋېت تەرەپنىڭ 3 ئادىمى قارشى ئالىدۇ. سوۋېت تەرەپ ھاجى بىلەن بىرگە بارغان 116 نەپەر ئەسكەرنى چۈشكۈن راسلاپ 4 كۈن راسا كۈتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى

سوۋېت ۋەكىللىرى بىلەن ئۇلار ئۇچتۇرپان ئارقىلىق بەرمەكچى بولغان قوراللارنىڭ بىر قىسمى بېرىلگەن بولسىمۇ، بىر قىسمىنىڭ بېرىلمىگەنلىكى ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ①.

ئورۇسلار خوجىنىياز ھاجىغا: «سىلەرگە ئۇچتۇرپان ئارقىلىق بېرىلىدىغان قوراللار ئۈرۈمچى ئارقىلىق بېرىلىدۇ. ئۇچتۇرپان ئارقىلىق بېرىلمەيدۇ» دەيدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى: «نېمە ئۈچۈن بۇ تەرەپتىن بېرىلمەي ئۈرۈمچى ئارقىلىق بېرىلىدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

ئورۇسلار: «سىز شىڭ شىسەي بىلەن فۇكاڭ مۇھاسىرىسىدە تۈزۈلگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلدىڭىز، شۇڭا قورال ئۇچتۇرپان ئارقىلىق بېرىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بىز كېلىشىمنى بۇزمىدۇق» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئورۇسلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ماقۇل، سىز بۇزماپسىز، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قەشقەردە ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› قۇردىڭىز؟» دەپ سورايدۇ.

خوجىنىياز ھاجى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مەن ھۆكۈمەت قۇرمىدىم، مەن ئۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا ئىدىم. قەشقەردىكى ھۆكۈمەتنى سابىت داموللا باش بولۇپ قۇرۇپتۇ. مەن بۇ ھۆكۈمەتكە قاتناشماي بىرنەچچە قېتىم خەت يازدىم، خالاس» دەپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئورۇسلار: «ھازىر بىز سىلەرگە قورال سېتىپ بېرەلمەيمىز، بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دەيدۇ②.

1934 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سابىت داموللا ئابدۇقادىر ھاجىنى ئىككى نەپەر ئەسكەر بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىغا — سىمخانىغا ئەۋەتىدۇ. ئابدۇقادىر ھاجى سىمخانىغا بارسا، خوجىنىياز ھاجى ئورۇسلار تەرەپكە يازغان خېتىگە جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

خوجىنىياز ھاجى ئەتىسى، يەنى 1934 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئابدۇقادىر ھاجىنى بىر پارچە خەت بىلەن ئۆركەشتامغا ئەۋەتىدۇ. قادىر ھاجى ئۆركەشتامدىكى سوۋېت قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ، ناچالنىك (قاراۋۇلخانا باشلىقى) بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەم خوجىنىياز ھاجىنىڭ يازغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ. بۇ خەتنى بىر قىرغىز ئادەم ناچالنىككە تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. ناچالنىك خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تاشكەنتتىن يولىيورۇق سوراپ: «ئۈرۈمچى تەرەپتىن ياردەمگە ئادەم كېلىدۇ. ئۇلارنى ساقلاڭلار. قەشقەردىن ئەۋەتكەن ۋەكىللەر يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ. قالغان گەپ - سۆزلەرنى شۇلاردىن ئاڭلاڭلار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

قادىر ھاجى ئورۇسلارنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئېلىپ ئۆركەشتامدىن سىمخانىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە 1934 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» مۇسۇل ھاجىنى باشلىق، ئەمەت پاختىنى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ، ھەر ساھەدىكى زاتلاردىن 3 كىشىنى

www.uyghurkitap.com



قوشۇپ جەمئىي 5 كىشىنى بىرىنچىدىن ھۆكۈمەتنى قوللاشنى تەلەپ قىلىش، ئىككىنچىدىن سوۋېتتىن قورال سېتىۋېلىش، ئۈچىنچىدىن سودا توختامى ئىمزالاش مەقسىتىدە تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ئىدى. دېگەندەك، ئۇلار 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قايتىپ كېلىپ سىمخانىغا چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ تاشكەنت بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق بولغان: «خوجىنىياز ھاجى سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى 〈شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى〉 نىڭ ئەزالىرىنى قولغا ئېلىپ ئاقسۇغا قايتسۇن، بىزنىڭ ياردىمىمىز شۇ يەردىن بولىدۇ. ئاندىن بىز جىمسارادا بەرگەن ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلالايمىز» ③.

تاشكەنتكە ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزگەن كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان خوجىنىياز ھاجى ۋەكىللەر بىلەن بىللە 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سىمخانىدىن قايتىپ، ئوپالدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەردە يېڭىسارغا كېلىدۇ. بۇ يەردە مەخمۇت مۇھىتى بىلەن شاھ مەنسۇر ماجەنساڭنىڭ قىسمىلىرىنى قورشىۋالغان، ئۇرۇش قاتتىق بولۇۋاتقان ئىكەن.

خوجىنىياز ھاجى مەخمۇت مۇھىتى بىلەن بىر سائەتتەك مەخپىي سۆزلىشىدۇ - دە، توختىماي يەكەنگە ماڭىدۇ. شۇ كۈنى مەخمۇت مۇھىتىمۇ سېپىل ئىچىدىكى ئەمىر نۇرمۇھەممەت باشلىق 500 نەپەر خوتەن پىدائىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، يەكەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. خوجىنىياز ھاجى يېڭىساردىن چىقىپ قىزىلدا قونۇپ 8 - كۈنى كەچتە يەكەنگە كېلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى يەكەنگە كېلىپلا: «خوتەنلىك لومودىلار ھەممەڭ يېڭىسارغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناش» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا يەكەندە خوتەن پىدائىلىرىدىن 500 دەك ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنقىلابنى ئورۇسلارغا سېتىۋەتكەنلىكىنى ئالدىنقاچان بىلگەنلىكتىن ماقۇل دەپ قويۇپ، يولنى يېڭىسارغا ئالماي، قاغىلىققا چىقىپ كېتىدۇ. تاشكەنتكە بېرىپ قايتقان ۋەكىللەر باشقا بىر يەرگە ئورۇنلىشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى يەكەندىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي بۆلۈمىگە كىرىپلا زىرىپقارى ھاجى (ئۆزبەك)، شەمشىدىن داموللا، ئابلاجان، سۇلتان بەگ قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مىنىستىرلىرىنى نەزەر بەنت قىلىدۇ.

مەخمۇت مۇھىتى يەكەنگە كېلىپ، 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 200 دىن كۆپرەك تۇرپان پىدائىلىرى بىلەن سابىت داموللا تۇرۇۋاتقان قورونى قورشايدۇ. بۇ چاغدا سابىت داموللىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۆگزىگە چىقىپ «بۇ ساتقىن مۇناپىقلار بىلەن بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئۇرۇشىمىز» دەپ چوقان سېلىپ جىددىي ئۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. ئۆز قوغدىغۇچىلىرىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلىدىغان سابىت داموللا «بولدى، ئۆزئارا قان تۆكمەيلى. مەن خوجىنىياز بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشەي، ئۇنىڭغا قورال ئەمەس، مەن لازىم. ئۇ مېنى ئاكىسىغا تاپشۇرسىلا كۇپايە. باللىرىم، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار» دەپ ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇشقا كۆندۈرىدۇ ھەم يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ،

پاكىز ياسىنىپ ئۆزىنى تۇتقىلى كەلگەن مەخمۇت مۇھىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەسكەرلىرى داموللىنى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى سابىت داموللا، زىرىپقارى ھاجى، سۇلتان بەگلەرنى كىشەنلەپ، ئۈچ مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ 10 ئەسكەر بىلەن قاغىلىققا يولغا سالىدۇ. شۇ كۈنى خوتەنلىك مەتىمىن ھەزرەتنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن 100 ئەسكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەتىمىن ھەزرەت ئۇلارنىڭ نىيىتىنى ئالدىن بىلىپ قالغىنى ئۈچۈن خوتەنگە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1934 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خوجىنىيازھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتلارنىڭ قولى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئاغدۇرۇلىدۇ④.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاش زۆرۈركى، مەخمۇت شىجاڭ خوجىنىياز ھاجىدىن تاشكەنتكە ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى تۈزگەن كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مىنىستىرلىرىنى تۇتۇش توغرىسىدىكى پىكىر ئىدىيىسىدىن ئۆتمەي، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلىدۇ. ئۇ: «ھاجىكا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىستىقلال ھۆكۈمىتىمىزنى يوقاتمايلى، ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە داۋام قىلدۇرايلى. سابىت داموللىنى ئورۇمچى ھۆكۈمىتىگە تۇتۇپ بېرىش ئورۇسلارغا تۇتۇپ بېرىش دېمەكتۇر. ئورۇسلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلساق، ئەبەدىلئەبەد خەلقىمىزنىڭ نەپرىتىگە قالىمىز. بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسەكمۇ ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرايلى. بىز خوتەن پىدائىلىرى بىلەن ئومۇمىي كۈچىمىزنى تولۇقلاپ، يەكەن دەرياسىنى ئاساسىي پاسىل قىلىپ، قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، تۇڭگانلارنى خوتەن تەرەپكە ئۆتكۈزمەسلىكنىڭ چارىسىنى قىلايلى. ئۆزلىرى خوتەنگە بېرىپ تۇرسىلا، مەن ئومۇم پىدائىلىرىم بىلەن يەكەن دەرياسى بويىدا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ قاتتىق جەڭ قىلاي» دەيدۇ. خوجىنىياز ھاجى: «خوتەنگە بېرىش تەلۋىلىكتۇر. چۈنكى خوتەن ھۆكۈمىتى مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. ئاڭلىسام، خوتەن ھۆكۈمىتى قەشقەر ھۆكۈمىتىنى (يەنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى) ئېتىراپ قىلماسمىش ھەم قەشقەر ھۆكۈمىتىگە ‹خوجىنىياز ھاجى بولسا كېرەكسىز ئادەم ئىكەن، ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ ئادەمنى تۇتۇپ بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ ئۆزىمىزنى كۈچلەندۇرسەك، چوقۇم دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ يۇرتىمىزنى ئازاد قىلالايمىز› دەپ شەرت قويۇپ بىرلىشىشنى ئېيتقان ئىكەن. بۇنى ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرىنىڭ قارار قىلغانلىقىدىن خەۋەرلىرى بار ئىدىغۇ؟» دېگەندە، مەخمۇت مۇھىتى: «بۇ سۆزلەر ئۆتكەندە بىرلا قېتىم دېيىلگەن سۆزلەر، مەن خوتەن تەرەپنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلار ئۇ سۆزلەردىن ۋاز كەچتى. ئەگەر قورال بولسىلا دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان ئىش بولسا، قولىمىزدىكى بارلىق قوراللارنى خوتەن ئەسكەرلىرىگە بېرەيلى. مەقسەت دۈشمەننى يوقىتىش، دېمەك دۈشمەن

www.uyghurkitap.com



يوقالسا ئىش تۈگەيدۇ، خالاس» ⑤ دەيدۇ.

مەخمۇت مۇھىتىنىڭ قەتئىي ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خوجىنىيازھاجى يەنىلا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سابىت دامولla قاتارلىقلارنى ئېلىپ تارىم ياقىلاپ مېڭىپ ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرىدۇ. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ۋە سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى خوجىنىياز ھاجى ۋە مەخمۇت مۇھىتىلارنىڭ كۆرسەتكەن ئالاھىدە خىزمىتى ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مەخمۇت مۇھىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭگى، قوشۇمچە 6 - دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭلىقىغا ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. مەخمۇت مۇھىتى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ 2 - قېتىم قەشقەرگە كېلىپ (1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى) يۇمۇلاق شەھەر كۆل بېشىغا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن رىبالكىن دېگەن ئادەم (ئەسلىدە بۇ ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى بولۇپ، برونىۋىك - تانكا قىسىملىرىنىڭ مارشالى ئىدى) مەسلىھەتچى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ ⑥.

بۇ ئادەم كۆرۈنۈشتە مەسلىھەتچى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 6 - دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتقاندىن تاشقىرى، قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنىمۇ ئۆز قولىدا تۇتىدۇ ھەمدە مەھمۇت شىجاڭنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنىمۇ نازارەت قىلىدۇ. قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى، ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىسھاقبېك مۇنونوپمۇ رىبالكىننىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

1934 - يىلى 11 - ئايدا رىبالكىن مەخمۇت مۇھىتىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن قۇربان سەئىدى، قۇربان نىياز، ئابلا ئەپەندىنى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ تەربىيىلىگەندىن تاشقىرى، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سەمەت ھاجى، غوپۇر تۇەنجاڭ قاتارلىق 10 ئادەمنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، ھەربىي، سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ. كېيىن تاشكەنت، ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەنلەر 6 - دىۋىزىيىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ھوقۇقىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن دىۋىزىيىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيىسىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولۇپ، قىسىم ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا بولىدۇ.

ئاقىۋەتتە، مەخمۇت مۇھىتى بۇرۇنقىدەك ئەركىن بولالمايدۇ. يەنە كېلىپ شىڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە كېلىشكە ئۇنى كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئىشلار تۈپەيلى مەخمۇت مۇھىتى زادىلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. خىزمەتنى يۈرگۈزۈشكە ئامالسىز قالىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي سوۋېتپەرەسلەر، شىڭ شىسەي پەرەسلەر ئورىۋالغان ئىدى ⑦.

شۇنىڭ بىلەن مەخمۇت مۇھىتى 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى (جۈمە كۈنى) تاڭ ئېتىشى بىلەن «سوۋخو تەرەپكە ئوۋ قىلىشقا بارىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ يېقىن - سادىق كىشىلىرىدىن ئاكىسى مۇسۇل ھاجى، دامولla بەگ نەيمى، ياڭخىيلىق زايىت

ھاجى ئوغلى ئىبراھىم تۆەنجاڭ قاتارلىق بىرقانچە ئادەمنى ئېلىپ، قولىدىكى ئەسكەرلەرنى ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى قۇربان سەئىدىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئۇدۇل يېڭىسار تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇلار قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە كەلگەندە ئىبراھىم تۆەنجاڭ ئېتىنى سۇغارغان بولۇپ توپتىن ئايرىلىپ، دەريا ئىچى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ قېچىپ كېتىدۇ ھەم ئۇدۇل قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىدۇ. مەخمۇت مۇھىتى شۇ كۈنى جىددىي مېڭىپ يېڭىسارغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى 3 - تۆەننى ئۇرۇش ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. 1 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ئابدۇنىياز كامالنى قەشقەر يېڭىشەھەردىن كېلىدىغانلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ياپچانغا ماڭدۇرىدۇ ھەمدە كېلىدىغان خەۋەرنى كۈتىدۇ.

مەخمۇت مۇھىتى قەشقەردىن ئايرىلغاندا، يۇمۇلاق شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى سوۋېتپەرەسلەرنى يوقىتىشقا لىيەنجاڭ رەخمىتۇللا قارى، لوكچۇنلۇك سابىت مۇھىتى ئاخۇنۇم ئوغلى سالى لىيەنجاڭ، ئابدۇللا ئاخۇنلارنى، 2 - تۆەننىڭ تۆەنجاڭى قۇربان نىياز شاھىدى باشلىق كوممۇنىست پەرەسلەرنى يوقىتىشقا مۇئاۋىن لىيەنجاڭ ياقۇپ بەگنى مەسئۇل قىلىپ، مەزكۇر پىلاننى نامازشام بولغاندا (1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يەنى جۈمە كۈنى) ئىجرا قىلىشنى قارار قىلغانىدى. شۇ كۈنى دەل ناماز شامدا ياقۇپ بەگ تاپانچا بىلەن قۇربان نىيازنى ئاتىدۇ. قۇربان نىياز ئۆلمەي ياردار بولىدۇ. ياقۇپ بەگ تاپانچىدىن ئىككىنچى ئوقنى ئۈزۈۋاتقاندا شتاب خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ياقۇپ بەگنى ئاتىدۇ. ياقۇپ بەگ ياردار بولۇپ تۇتۇلىدۇ. ناماز شامغا 20 مىنۇت قالغاندا پىلان پۈتۈنلەي پاش بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇربان سەئىدى قارى لىيەنجاڭ، سالى لىيەنجاڭ قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ ئىشخانىغا چاقىرىپ ئېتىپ تاشلايدۇ. شتاب ئىشخانىسىغا چاقىرتىلغانلارنىڭ چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن قارى لىيەنجاڭ، سالى لىيەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئالدىنئالا توقۇپ تەييارلاپ قويغان ئاتلىرىنى مىنىپ ئۇدۇل يېڭىسارغا قاچىدۇ. قەشقەردىكى 2 - تۆەننىڭ قالغان ئەسكەرلىرىمۇ چېكىنىپ يېڭىسارغا بارىدۇ ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ مەخمۇت مۇھىتىغا دوكلات قىلىدۇ.

مەخمۇت مۇھىتى پىلانى ئىشقا ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن 1937 - يىلى 4 - 5 - كۈنى (شەنبە) يېڭىساردىن يولغا چىقىپ، تۆپلۈق دېگەن يەرگە كەلگەندە، خوتەندىن قايتقان ئەنگلىيە كونسۇلىغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يېرىم سائەت سۆزلىشىپ يولغا راۋان بولىدۇ. يېڭىساردىكى 3 - تۆەننىڭ تامام ئەسكەرلىرى، قەشقەردىن قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەر بولۇپ 2000 دىن ئارتۇقراق ئادەم مەخمۇت مۇھىتى بىلەن بىرگە ماڭغانىدى. ئۇلار قىزىلنىڭ ئاغزى بىلەن ھىندىستان تەرەپكە ماڭىدۇ. يولدا مەخمۇت مۇھىتى فۇگۇەنجاڭ (كانۋايلار باشلىقى) ئىلياسنى ۋە باش كاتىپ ئابدۇغۇپۇرنى ئىشپىيونلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلايدۇ ⑧. شۇنىڭدىن كېيىن يېقىن كىشىلىرىدىن مۇسۇل ھاجى، ئابدۇللا داموللا بەگ نەيىمى، باي ئاخۇن ئەزىزى، مايىت بەگ، پەيزۇللا ئوغلى توختاجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇردى، تايىپ بەگ، ئاتاۋۇللا ھاجى ئوغلى سابىت لىيەنجاڭ، ستىنىياز بەگ، مۇلۇي مۇھەممەت ھاجى، ئابدۇل ھېمىتخان ئوغلى شىرىپئاخۇن، ياسىن قارى قەشقىرى، تۇرسۇن قارى تۇرپانى، باھاۋۇدۇن بەگ، ئىبراھىم قارى، ئابدۇلئەھەت شەھيارى قاتارلىق 16 نەپەر ئادەمنى ئېلىپ كاچۇڭدا تۇرماي قاغىلىقنىڭ كۆكيار دېگەن يېرى ئارقىلىق لاداخقا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن پۈتۈن قوغداپ ماڭغان ئەسكەرلەرگە: «سىلەر قايتىپ ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىڭلار، شىڭ شىسەي، سوۋېتنىڭ مېنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىدى. ئۇلار ھېچبىر ئىلاج قىلالماي ئۆز ئادەملىرىم ئارقىلىق مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. مەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن سوقۇشۇشنىمۇ ئويلىدىم. بىراق، ئەسكەرلىرىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ پاراكەندە بولۇشىدىن ئەنسىرىدىم. ئاخىرى بولالماي ئەزىز يۇرتىمىزنى تاشلاپ چەت ئەلگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇرادەرلىرىم، باللىرىم، سىلەر جاپا چېكىپ بۇ يىراق يەرلەرگىچە كەلدىڭلار، مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيالىقتا ۋە بۇ دۇنيالىقتا كۆپ رازى. مەندىن رازى بولۇڭلار» دەپ كۆزىدىن تارام - تارام ياشلار ئاققۇزىدۇ. بۇنى كۆرگەن پۈتۈن ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر قاتتىق يىغلاپ جاڭگالنى بىر ئالىدۇ ھەم ئۇزۇن يىللىق رەھبىرى مەخمۇت مۇھىتى بىلەن خوشلىشىپ، ئارقىغا قايتىپ يەكەننىڭ كاچۇڭ دېگەن يېرىگە كېلىدۇ.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئابدۇنىياز كامال مەخمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەر يېڭىشەھەردىن شىجاڭنى قوغلاپ كېلىدىغان ئەسكەرلەرگە توسۇپ ئەنسىرىدىم. ئاخىرى بولالماي ئەزىز يۇرتىمىزنى تاشلاپ ئۈچۈن ياپچانغا بارىدۇ. ياپچاندا كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭنىڭ يېڭىشەھەرگە يوللىغان مەخپىي خېتىنى قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە بۇ خەتنى دەرھال مەخمۇت شىجاڭغا ئەۋەتىدۇ. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا مەخمۇت شىجاڭ كېتىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ ياپچاندا ئىككى كۈن تۇرۇپلا ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىسارغا قايتىدۇ ۋە قەشقەردە خىزمەتتە خاتالىشىپ يېڭىساردىكى تۈرمىگە قامالغان مۇيدىن تۆەنجاڭنى تۈرمىدىن بوشىتىپ كاچۇڭغا بارىدۇ.

مۇيدىن تۆەنجاڭ كاچۇڭغا يىغىلغان 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى يىغىپ، مەخمۇت شىجاڭنىڭ ئورنىغا بىرەر كىشىنى سايلاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن پۈتۈن ئەسكەرلەر ئابدۇنىياز كامالنى بىردەك شىجاڭلىققا سايلايدۇ.

ئابدۇنىياز شىجاڭ بولغاندىن كېيىن كاچۇڭغا توپلانغان ئەسكەرلەرنى قايتا تەرتىپكە سېلىپ، ئاۋۋالقى لىيەنجاڭلارنى تۆەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئەسكەرلەرنى 4 تۆەن قىلىپ تەشكىللەيدۇ ھەم تەييارلىقلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ يەكەن شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، شەھەرنى پۈتۈنلەي ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ بىلەن پوسكام قوشۇلۇپ جەمئىي 3 ناھىيە ئابدۇنىيازنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

1937 - يىلى 5 - ئايدا ئابدۇنىياز ماخۇسەن بىلەن قاغىلىقتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىككى قوشۇن ئىتتىپاقلىشىپ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

ماخۇسەن خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان 300 نەپەر ئەسكەرنى ئابدۇنىيازنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىدۇ. ئابدۇنىياز ماخۇسەن بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. مۇيدىن تۈەنجاڭ 600 ئەسكەر بىلەن يوپۇرغىنىڭ تېرىم يېزىسى ئارقىلىق قەشقەر كونا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇلار 1937 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قەشقەر كونا شەھەردە ئىسھاقبېك مۇنونۇپنىڭ 300 دىن كۆپرەك ئەسكىرى بار بولۇپ، ئابدۇنىياز قىسمىلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىككى تەرەپ يۇمۇلاق شەھەر كۆل بېشىدىكى دۇبۇزىيە شتابىنى تالىشىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى ئابدۇنىياز كامال، قۇربان سەئىدى ۋە ئىسھاقبېكلەنى كېلىشتۈرىدۇ. قۇربان سەئىدى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كېتىدۇ. كونا شەھەردە ئابدۇنىياز كامالنىڭ قىسمىلىرى قالىدۇ.

مۇشۇنداق كۈنلەردە، 1937 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇرۇمچىدىن شىڭ شىسەينىڭ 10 ماشىنا ئەسكىرىنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەنلىك خەۋىرى كېلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇنىياز بىلەن ماخۇسەن مۇزاكىرە قىلىپ، «ماخۇسەن قەشقەردە قېلىپ يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش، ئابدۇنىياز ئۇيغۇر، تۇڭگان بولۇپ 1400 ئەسكەرنى باشلاپ مارالبېشىغا بېرىپ ئۇرۇمچىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنى توسۇش» نى قارار قىلىدۇ. قارارغا بىنائەن ئابدۇنىياز كامال 1937 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەردىن يولغا چىقىپ 7 - كۈنى مارالبېشىغا يېتىپ بېرىپ، سېپىل ئىچىدىكى شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى تارمار قىلىپ، ئاقسۇغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ. ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىگە بارغاندىن كېيىن، پۈتۈن قىسمىنى قايتا تەشكىللەپ بىر تۈەننى قۇمباشقا، بىر تۈەننى ئاۋاتقا، بىر تۈەننى غورو چۆلگە، بىر تۈەننى دەريا بويىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. داۋۇت قارى ئىسملىك لىيەنجاڭنى 100 ئەسكەر بىلەن پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىش ئۈچۈن كۇچار، شايارلارغا ئەۋەتىدۇ. داۋۇت قارى تولىمۇ تەدبىرلىك ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى 500 گە يەتكۈزۈپ ۋە ئۇلارنى قاتتىق تەربىيىلەپ، شايار، كۇچار، بۇگۇر، قارا شەھەرلەردە غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ، شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ۋە ياردەمگە كەلگەن سوۋېت ئەسكەرلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىشىنى توسىدۇ.

1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنى ئاقسۇ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى 100 نەپەر ئەسكەر بىلەن ئۈچتۇرپانغا بېرىپ، سېپىل ئىچىدىكى شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ شەھەرنى ئىگىلەيدۇ. ئاندىن پۈتۈن ئۈچتۇرپاندىكى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ شەھەر ئىچىدىكى تاقچى مەھەللىسىدە بىر ئوق زاۋۇتى،

www.uyghurkitap.com



بىر قورال رېمونت قىلىش زاۋۇتى، بىر ھەربىي كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى، ئات جابدۇقى كارخانىسى قۇردى. بۇ زاۋۇت ـ كارخانىلار ئىسيانكار ئابدۇنىياز قىسىملىرى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا نۇرغۇن ئوق، پارتلىتىش دورىسى، كىيىم ـ كېچەك، ئات جابدۇقى تەييارلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز كامالنىڭ قىسىملىرى خېلىلا ھاللىنىدۇ.

1937 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ياردەم بېرىش ئۈچۈن كىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ئاقسۇ ئەتراپىدىكى ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم باشلايدۇ. ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئاۋات، قۇمباشتىكى ئەسكەرلىرى قوراللىرىنىڭ ناچار، ئوق ـ دورىلىرىنىڭ كەمچىللىكىگە قارىماي، خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان شىڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرنەچچە كۈن قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاخىرى بولالماي 10 كىلومېتىر ئارىلىق قالغاندا ئۈچتۇرپانغا چېكىنىدۇ.

ئۈچتۇرپاندا شىڭ شىسەي قىسىملىرى بىلەن ئابدۇنىياز ئەسكەرلىرى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۈچتۇرپاندىمۇ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئابدۇنىياز 100 ئەسكىرىنى باشلاپ ئاقچىغا چېكىنىدۇ. شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بۇ يەرگىمۇ قوغلاپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇنىياز تاغ يولى ئارقىلىق كەلپىنگە بېرىپ ئۇ يەردە 10 كۈن تۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بولۇپ، ئاۋاتقا بېرىپ ئۆزىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

1937 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىڭ شىسەي «ئالتايىسكى» دەپ ئاتالغان سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ 1000 ئەسكەر بىلەن ئابدۇنىياز قىسىملىرىغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. ئابدۇنىياز قۇمباش، ئايكۆلدىكى 1000 دىن كۆپرەك ئادىمى بىلەن قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئالدىنقى قېتىمغا قارىغاندا تېخىمۇ دەھشەتلىك بولىدۇ. ئابدۇنىياز ئاخىر شىڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمەي، غەرب تەرەپكە قاراپ چېكىنىدۇ. بۇيرۇق بويىچە بارلىق ئەسكەرلەر مارالبېشىنىڭ پىچاق سۇندى دېگەن يېرىگە توپلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇنىيازنىڭ قولىدا شتاب كادىرلىرى، مۇلازىملار، ئەسكەرلەر بولۇپ 1000 دىن كۆپرەك ئادەم قالغان ئىدى. ئۇلار مارالبېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈيۈن ئارقىلىق قىرغىز، ئۆزبېك، ئۇيغۇر، قازاق، رۇس قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن 2000 كىشىلىك قوشۇنى مارالبېشىغا ئەۋەتكەنلىكى، 500 نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئابدۇنىياز قىسىملىرىنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشىدا قالغانلىقى، 1500 نەپەر ئەسكەرنىڭ قەشقەر، يەكەنلەرگە يۈرۈپ كەتكەنلىكى» دىن خەۋەر تاپىدۇ.

ئابدۇنىياز ئۆزىنىڭ ئارقا تەرەپتىن شىڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قىسمىنى مارالبېشىنىڭ شاقۇ دېگەن يېرىدىن ئۆتۈپ يەكەن دەرياسىنى بويلاپ، ئورمانلىق بىلەن مېڭىپ مەكىت تەرەپكە چېكىنىشكە بۇيرۇيدۇ. قىسىم ئىككى كۈن يول يۈرۈپ مەكىتتىن ئۆتۈپ

يەكەننىڭ لايلىق دىگەن يېرىدە ئۈچ - تۆت كۈن تۇرىدۇ. ئاقسۇ ئۇچتۇرپان، شايار، كۇچار قاتارلىق جايلاردىكى ئەسكەرلەر ۋە پىدائىلارمۇ كېلىپ جەمئىي 3500 كىشى جەم بولىدۇ. رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق يەكەندىمۇ سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، 1937 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئابدۇنىياز كامال شتاب كادىرلىرى، ھەرقايسى تۈەننىڭ تۈەنجاڭلىرى، مەسلىھەتچىلەرنى يىغىپ، قانداق قىلىش، نەگە بېرىش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تالاش - تارتىش قىلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئوخشاشمىغان پىكىرلىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇنىياز كامال مۇنداق دەيدۇ:

«ئاكا - ئىنىلار، دوستلار، ئورۇستەك بىر چوڭ دۆلەتنىڭ مېخانىكىلاشقان قىسملىرى، يەنى ئايروپىلان، برونېۋىك، تانكىلار بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلىرى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بېسىپ كىرمىگەن بولسا، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرىنى يوقىتىشىمىز بەرھەق ئىدى. ئەپسۇس، سوۋېت كوممۇنىستلىرى ئېزىلگەن ئەللەرگە ياردەم بېرىش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ زۇلۇمغا قارشى ھەرىكىتىنى باستۇرۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، تەقدىر بىزنى ناچار ئەھۋالدا قالدۇردى. مۇزاكىرە جەريانىدا مەن بىلەن جاپالىق جەڭلەردە بىرگە بولغان بەزى كىشىلەر ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەسلىم بولايلى دېسە، يەنە بەزىلەر چەت ئەلگە، يەنى ھىندىستانغا قېچىپ كېتەيلى دېدى. مېنىڭچە بۇ خىل پىكىر ئىنتايىن خاتا. بىز زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرگەن ئەزىمەتلەر. بىز يەكەننىڭ كاچۇڭ دېگەن يېرىدە ئىسيان كۆتۈرۈپ، يەكەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىرنەچچە مىليون خەلقنى ئازاد قىلدۇق. ئاقسۇ، شايار، توقسۇ، كۇچار، بۈگۈر، كورلا، قارا شەھەر قاتارلىق جايلاردا قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىپ، ھۆركىرىگەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى — ئورۇس ئەسكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردۇق. بۇ غەلىبىلىك ئۇرۇشلار مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئېسىدە بار. ئەمدى شورالار ھۆكۈمىتى دەپ نام ئالغان بۇ ھۆكۈمەت (سوۋېت ھۆكۈمىتى) بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىپ ئىنقىلابىمىزنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى. بىز ئېغىر كۈنلەردە بىرگە جەڭ قىلغان، بىر ناننى تەڭ يېگەن دوستلارنى، ئۆز يۇرتىنى، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ چىققان پىدائىلارنى تاشلاپ، سېسىق جېنىمىزنى ئېلىپ چەت ئەلگە قاچامدۇق؟ بۇ بىزگە، بولۇپمۇ زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرگەن بىزدەك پىدائىلارغا سەت ئەمەسمۇ؟ بىزمۇ بىر نان يېسەك تويىمىزغۇ؟ نېمە ئۈچۈن تىغ كۆتەردۇق؟ نېمە ئۈچۈن مىڭلىغان دوستلىرىمىز ئۇرۇش جەريانىدا شېھىت بولدى؟ بىز چەت ئەلگە قاچساق ئۆلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ ئۆلۈپ تۈگىشىمىزكى، ھەرگىزمۇ چەت ئەلگە قېچىپ سەتلەشمەيمىز. مەخمۇت مۇھىتى ئاكىمىز جېنىنى ئېلىپ چەت ئەلگە قېچىپ نېمە كۈنلەرگە ئېرىشتى؟ ئۇ ھازىر ۋەتىنىنى، ئۆزىنىڭ خەلقىنى ئۇنتۇپ قالدى، ھەتتا بىزگە بىرەر پارچە

خېتىمۇ يوق. بىزمۇ چەت ئەلگە قاچساق شۇ ئادەمگە ئوخشاش سەت كۈنگە قالىمىز، خالاس. مەن سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار، پۈتۈن ئىشلارنى مېنىڭ بۇيرۇقۇم بىلەن قىلدىڭلار. شىڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئورۇسلارنىڭ تۇتىدىغان ئادىمى — مەن ئابدۇنىياز. مۇھتەرەم بۇرادەرلىرىم، مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ سىلەرنىڭ تارقاپ ئۆز ئالدىڭلارغا پاناھلىنىشىڭلارنى بۇيرۇيمەن. ئەلۋەتتە، ئاققان قانلىرىمىز بىكارغا كەتمەس، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز بۇ ئىشلارنى ئەسلەر. ئاللاھ تېنىڭلارنى سالامەت قىلسۇن».

ئابدۇنىياز كامالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 3500 دىن كۆپرەك ئەسكەر، پىدائىلارنىڭ ئۈنلۈك يىغلىرى لايلىق كەنتىنى بىر ئالدى. ئارىدىن لۇيجاڭ كىچىك ئاخۇن دېگەن ئادەم ئابدۇنىيازدىن: «شىجاڭ جاناپلىرى، ئۆزلىرى قانداق قىلىلا؟» دەپ سورايدۇ. بۇنىڭغا ئابدۇنىياز: «مۇمكىن قەدەر ھاياتىمنى يالغۇز قۇتقۇزۇشقا مەجبۇر- مەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئۈچتۇرپانلىق ئابدۇللا تۇەنجاڭ بىر قوغدىغۇچىسىنى ئېلىپ: «مەن ئابدۇنىياز شىجاڭ بىلەن بىرگە بولىمەن، ئۆلسەك بىرگە ئۆلىمىز، قۇتۇلساق بىرگە قۇتۇلىمىز» دەيدۇ- دە، خورجۇنغا بىرنەچچە نان ۋە ئوقلارنى سېلىپ ئابدۇنىياز بىلەن بىرگە كېتىدۇ ⑩.

ئابدۇنىياز قولىدىكى ئەسكەرلەرنى تارقىتىپ كېتىشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئاتۇشلۇق لۇيجاڭ كىچىك ئاخۇن 1600 نەپەر ئادەمنى باشلاپ يەكەنگە بېرىپ سوۋېت ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولىدۇ ۋە يەكەندە ئىككى كۈن ئىختىيارى يۇرۇپ 3 - كۈنى يوقايدۇ. ئابدۇنىياز يەكەننىڭ لايلىق كەنتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۈچتۇرپانلىق ئابدۇللا تۇەنجاڭ قوشۇلۇپ جەمئىي 4 ئادەم ئوتتۇرا يول بىلەن مېڭىپ، خانئېرىقنىڭ هاراپتىكى ئوردا پادىشاھىم دېگەن يەرگە كېلىپ، بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ، يېڭىسار بىلەن يەكەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل دېگەن ئېغىز بىلەن ھىندىستان تەرەپكە مېڭىپ، قىرغىزلار ئورۇنلاشقان بىر مەھەللىگە كېلىپ بىر قىرغىز كىشىنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ. ئەتىسى ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپنى قورشىغان ئەسكەرلەرنى كۆرىدۇ. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئابدۇنىياز بىر ئەسكەرنى چاقىرىپ ئۇنىڭدىن: «سەن كىمنىڭ ئەسكىرى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ ئەسكەر: «بىز تۇرپان ئاستانىلىق يۈسۈپ لىيەنجاڭنىڭ ئەسكىرى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئابدۇنىياز: «ئۇنداق بولسا سەن بېرىپ يۈسۈپ لىيەنجاڭغا ئېيتقىن، قېشىمغا ئۆزى كەلسۇن!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ لىيەنجاڭ ئۆزى كېلىپ ئابدۇنىيازغا ھەربىي ئۇستاپ بويىچە سالام بېرىدۇ. ئابدۇنىياز سالامنى قوبۇل قىلىپ بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭ سېلىشىدۇ. ئابدۇنىياز يۈسۈپ لىيەنجاڭدىن: «سىلەر مېنى نېمە قىلماقچى؟» دەپ سورايدۇ. يۈسۈپ لىيەنجاڭ: «بىزنىڭ كېلىشىمىز ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى بويىچە بولدى. بىز جاناپلىرىنى يەكەنگە تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق» دەيدۇ. ئاخىرىدا يۈسۈپ لىيەنجاڭ ئابدۇنىياز كامال قاتارلىق 4 ئادەمنى ئېلىپ (ئۇلارنىڭ قوراللىرىغا

چېقىلماي) يەكەنگە كېلىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ. يۈسۈپنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئورۇسلار ئۇنى بىر تاپانچا بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. كېيىن ئۇنى خوتەننى ئېلىش ئۇرۇشىغا سېلىپ، خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلايدۇ⑪.

---

**ئىزاھلار:**

① خوجىنىياز ھاجى 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاقسۇغا چېكىنگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئاقسۇدا تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدىن 80 مىڭ تۇياق قوي ۋە بىر قىسىم خام ماللارنى توپلاپ مۇسۇل باي، مۇھەممەت شاۋاي (ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمى)، ھەمدۇللا ۋاجىدىلارنى باش قىلىپ تاشكەنتكە ئەۋەتىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى قوي، خام ماللار ئورنىغا قورال بەرمەكچى بولىدۇ. 1 ـ قېتىمدا 1200 تال بەش ئاتار، 100 دانە ناگان، 100 دانە ئوقلۇق تاپانچا، 12 دانە پىلىموت، 200 ساندۇق ئوقنى قارا قول ئارقىلىق ئۈچتۇرپانغا ئۆتكۈزىدۇ. قالغىنىنى كېيىن بەرمەكچى بولىدۇ («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 17 ـ سان 99 ـ، 100 ـ، 102 ـ بەتلەرگە، ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلاب تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 243 ـ 245 ـ بەتلىرىگە قاراڭ).

②ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلاپ تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 185 ـ، 186 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

③ ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلاپ تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 186 ـ بېتىگە، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 17 ـ سان 75 ـ، 76 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

④ ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلابى تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 186 ـ بېتىگە، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 17 ـ سان 80 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑤ ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلاپ تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 186 ـ، 234 ـ، 235 ـ، 236 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑥ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانىنىڭ 51 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑦ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 17 ـ سان 86 ـ، 87 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑧ ئىلياس — كانۋايلار باشلىقى بولۇپ، سوۋېت كونسۇلخانىسىنى ئاخبارات بىلەن تەمىنلىگەن (ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلاب تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 234 ـ بېتىگە قاراڭ)
.

⑨ ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلاپ تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 234 ـ، 235 ـ، 236 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑩ ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلاب تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 243 ـ، 245 ـ، 246 ـ، 249 ـ بەتلىرىگە، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 17 ـ سان 99 ـ، 100 ـ، 102 ـ، 103 ـ، 107 ـ، 109 ـ، 11 ـ، 112 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑪ ھەمدۇللا بىن مۇھەممەت ھاجى ئوغلى تۇرپاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 1930 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلغىچە ئىنقىلاب تارىخى» ناملىق قولىيازمىسىنىڭ 250 ـ، 152 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن قازاق كومپوزىتورى بەيسەنبى توغرىسىدا

شاكەن ئونغالباي

قازاق خەلقىنىڭ بەيسەنبى دۆنەنباي ئوغلى ئەۋلادلارغا مول مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي شەخس. ئۇ 1803 ـ يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، 1872 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

بەيسەنبى ياشىغان دەۋر ئالتاي قازاقلىرىنى كۆگەداي گۇڭىنىڭ (تۆرىنىڭ) ئوغلى ئاجى گۇڭ باشقۇرۇپ تۇرغان چاغ بولۇپ، ئەل ئىچىدە ھەر خىل توقۇنۇشلار ئەۋج ئالغان، بولۇپمۇ تۆرىنىڭ (گۇڭىنىڭ) ئادالەتسىز ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولغان ئەل ئۆنىڭ پەرمانلىرىغا تولۇق بويسۇنماي، ئەل ئىچىدە تىنچسىزلىق، ئۇرۇش ـ جېدەللەر كۆچىيىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان يۇرت ئاقساقاللىرى ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى ساقلاش، تاشقى جەھەتتىن قوشنا ئەللەردىن كېلىدىغان زوراۋانلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاجى تۆرىنىڭ ئۆزى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، تۆرىگە ياردەمچى بولۇپ يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەرنى سايلاپ چىقىشنى قارار قىلىشىدۇ. بەگلەرنىڭ سانىنى بەلگىلەشتە شۇ زاماندىكى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە «ئاللا تائاللادا 4 پەرىشتە بولغان، مۇھەممەت پەيغەمبەردە 4 چاھارىيار بولغان، ئىسلام دىنىدە 4 مەزھەپ بولغان، دۇنيادا شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب دەپ 4 تەرەپ بار، ھەرقانداق شارائىتتا دۇنيا تۆرتكە مۇقىملىشىدۇ» دەپ ساناپ، بەگلەرنىڭ سانىنى 4 بولسۇن دەپ بېكىتىدۇ. سايلىنىدىغان بەگلەرنىڭ شەرتى: سۆزگە ئۇستا (چېچەن) بولۇشى، خەلققە پايدا يەتكۈزگەن بولۇشى، يۇرت باشقۇرغان تەجرىبىسى ۋە باشقۇرىدىغان قابىلىيىتى بولۇشى، باشقىلارغا گېپىنى ئۆتكۈزەلىشى ئۈچۈن ئەتراپىدا كۆچلۈك قوللىغۇچىلىرى بولۇشى كېرەك، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1836 ـ يىلى ئالتاي قازاقلىرى چوڭ يىغىن ئېچىپ ئۆز ئارىسىدىن 4 بەگنى سايلاپ چىقىدۇ. شۇ 4 بەگنىڭ بىرسىگە ئەمدىلا 33 ياشقا كىرگەن، يېشى ھەممىدىن كىچىك بەيسەنبى دۆنەنباي ئوغلى سايلىنىدۇ. سايلانغان 4 بەگ خەلق ئالدىدا: يېقىنلارغا يان باسمايمىز، ياتنى يېقىندەك كۆرىمىز، بەگلىكنى ئادىل يۈرگۈزىمىز،

يۇرتنى دۈشمەندىن قوغدايمىز، ئاجىزلارنى يۆلەيمىز، زورلۇق - زومبۇلۇققا خاتىمە بېرىمىز، دەپ قەسەم بېرىدۇ.

سايلامدىن كېيىن بەگلەرنىڭ قەسەملىرىنى بىجا كەلتۈرۈشى ھەر خىل بولىدۇ. بىراق بەيسەنبى بەرگەن قەسىمىنى ۋىجدان بىلەن ئورۇندايدۇ. ئۇ يۇرت باشقۇرۇشتىكى ئادىللىقى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى جەڭگى - جېدەللەردە كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان چېچەنلىكى بىلەن شۇ زاماندىكى ئەڭ قابىل يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلىدۇ. بەيسەنبىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى ئابرويىنىڭ قالغان بەگلەردىن يۇقىرى بولۇشى، ئاردا ئىككى ئەسىردەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە خەلقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەي ھۆرمەت بىلەن تەرىپلىنىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەر بەگە بولغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ توشقان سازەندە، كومپوزىتور بولغانلىقى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

ناخشا - مۇزىكا قازاق سەنئىتىنىڭ ئەڭ تەرەققىي تاپقان ساھەسى، زامان - زامانلاردىن تارتىپ دومبىرا چېلىپ سان - ساناقسىز ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلغان خەلق كومپوزىتورلىرى ناھايىتى كۆپ، باشقىلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئاھاڭلىرىنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ چالىدىغان دومبىرا- چىلار تېخىمۇ جىق، شۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيادىكى ھەممە قازاقلار ئېتىراپ قىلغان نام - شۆھرىتى بارلار ئانچە كۆپ ئەمەس. 19 - ئەسىرنىڭ بېشى - ئوتتۇرىسىدا ياشىغان غەربىي قازاقىستانلىق قۇرمانغازى ساغىر باي ئوغلى (1806ـ1879)، شىمالىي قازاقىستانلىق تاتتىمبەت قازانغاپ ئوغلى (1815ـ1862)، جۇڭگو قازاقلىرىدىن بەيسەنبى دۆنەنباي ئوغلى (1803ـ1872) ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللى- رىدۇر. دېمەك، بەيسەنبى جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ تونۇلغان خەلق كومپوزىتورىدۇر.

بەيسەنبى ئۆز ئۆمرىدە ئاز بولمىغان مۇزىكا (ئاھاڭ) لارنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئاھاڭلىرىدا قازاق ھاياتىنىڭ بىپايان ساھەسى — ئىنسان ھېسسىياتى- نىڭ دولقۇنلىرى، خۇشاللىقى بىلەن قايغۇ - ھەسرىتى، تەبىئەت مەنزىرىلى- رى، جان - جانۋارلار ھاياتى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتكەن. بولۇپمۇ بەيسەنبى ئىجادىيىتىدە «كېچەش ئاھاڭلىرى» دەپ نام بېرىلگەن بىر يۈرۈش ئاھاڭلار ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئۇنداق بولۇشى بەيسەنبى يۇرت سورىغان بەگ بولغانلىقتىن بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قىلىشتىن ئاۋۋال ئالدى بىلەن دومبۇرىسىنى قولغا ئېلىپ، ئەل ئۆمرىنىڭ مۇساپىسىگە، تەقدىر - قىسمىتىگە كۆز يۈرگۈزۈپ، چوڭقۇر مەناغا ئىگە كېچەش ئاھاڭلىرىنى چالاتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى دومبۇرىسى پىكىرلىرىنى يىغىپ بىر نۇقتىغا ئەكىلىشتە مەسلىھەتچى، ئەقىل كۆرسەتكۈچى رولىنى ئوينايتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا يېڭى - يېڭى ئاھاڭلار تۇغۇلۇپ، «كېچەش ئاھاڭلىرى» بېيىپ بارغان. بۇلاردىن ھازىرغىچە مەلۇم بولغىنى «باش كېچەش»، «كېچەش بېشى»، «جاي كېچەش»، «4 بەگنىڭ كېچىشى»، «كۆك يېرىم كېچەش»

www.uyghurkitap.com



قاتارلىقلار بولۇپ كېڭەش ئاھاڭلىرىنىڭ سانى 40 تىن ئاشىدۇ.

بەيسەنبى ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر چوڭ ساھە — ئات ھەققىدىكى ئاھاڭلاردۇر. قاتناش قۇراللىرى ھازىر- قىدەك تەرەققىي تاپمىغان 19 ـ ئەسىردە قازاقلار ئۈچۈن ئاتنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. قازاقلار «ئەرقانىتى ئات» دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشى ئات بىلەن بىجا كەلتۈرۈلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ بەيسەنبى ئىجاد قىلغان ئاھاڭلاردا ئات تېمىسى ئالاھىدە ئورۇن ئالغان. ئۇ «كۆك چىپار ئات»، «چىقىر كۆز ئات»، «ئالا ئات»، «تەل قوڭۇر»، «مايدا جال»، «مايدا قوڭۇر»، «ئاقجال ئات» قاتارلىق 20 نەچچە ئاھاڭنى ئىجاد قىلغان.

ئۈچىنچى بىر ساھە — تەبىئەت مەنزىرىلىرى، جان ـ جانۋارلار ھەققىدە- كى ئاھاڭلار بولۇپ، ئۇلار «ئاققابانىڭ دولقۇنى»، «دولى قالجىر»، «بۇلان»، «ئەركە بۇلان» قاتارلىقلاردۇر.

تۆتىنچى ساھە — كۆڭۈل ھېسسىياتىنى، مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاھاڭلار بولۇپ، بۇلار «ئاھ، دۇنيا»، «جىلمايغان دۇنيا»، «ئاھ، ئارمان»، «ئەيمىسى»، «ئارمان» قاتارلىقلاردۇر.

بەشىنچى ساھە — ئەرلىك جاسارەتنى كۈيلەيدىغان ئاھاڭلار بولۇپ، بۇلار «يالغۇز باتۇر»، «جانىبەكنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشى»، «ئارقالىق باتۇر جايلى تولغاۋ» غا ئوخشاش ئاھاڭلاردۇر.

بۇلاردىن باشقا بەيسەنبىنىڭ يولۇققان ۋەقەلەر، ئالاھىدە ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك ئىجاد قىلغان ئاھاڭلىرىمۇ خېلى كۆپ.

ھازىرغىچە يىغىپ توپلىغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار بەيسەنبىنىڭ ئىجادىيىتى دەپ بېكىتكەن ئاھاڭلار يۈزدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە نامى ئېنىق، قانداق شارائىتتا ئىجاد قىلىنغانلىقى ھەققىدە يازما خاتىرىسى بارلار 80 نەچچە، قالغان قىسمىنى ئېنىقلاپ بېكىتىش كەلگۈسىگە ئامانەت بولۇپ تۇرۇپتۇ.

بەيسەنبى 14 يېشىدا تۇنجى قېتىم مۇزىكا (ئاھاڭ) ئىجاد قىلغان، شۇنىڭدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە 55 يىل ئادىل بەگ بولۇپ، خەلققە جان- دىل بىلەن خىزمەت قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى بولغان دومبىرىسىنى قولىدىن چۈشۈرمەي، مەزمۇنلۇق، ئېسىل ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىباھا مىراس، مول روھىي غەزىنە قالدۇرۇپ كەتتى.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بەيسەنبى ئاھاڭلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بەلگىلىك ۋەقەلەر ياكى روھىي دۇنياغا بىۋاسىتە تەسىر قىلغان ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا خەلق ئىچىدە ئاشۇ ئاھاڭلارنىڭ تارىخى ھەققىدە كۆپلىگەن ھېكايىلەر تارالغان. ئەمدى ئاشۇ ھېكايىلاردىن بىرقانچىسىنى بايان قىلىپ بەرمەكچىمىز.

19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا يۇرتنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇپ تۇرغان مۇستەھكەم ھۆكۈمەت بولمىغانلىقتىن، بىرسىنىڭ مال ـ چارۋىسىنى يەنە بىرسى بۇلاپ كېتىدىغان ئىشلار كۆپ يۈز بېرىپ تۇراتتى. بىر قېتىم بەيسەنبى تۇرۇۋاتقان

مەھەللىنىڭ تۆگىلىرىنى سىرتتىن كەلگەن بۆلاڭچىلار ھەيدەپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنى سېزىپ قالغان دۆنەنباي (بەيسەنبىنىڭ دادىسى) كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، بىر توپ قاراقچىلار بىلەن يالغۇز ئېلىشىدۇ. بۆلاڭچىلار ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. دادىسىنىڭ ئۆلۈمى 11 ياشتىكى بەيسەنبىگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ، دادىسىنىڭ باتۇرلىقىنى مەدھىيىلەپ 14 يېشىدا «يالغۇز باتۇر» دېگەن تۇنجى ئاھاڭنى ئىجاد قىلىدۇ.

روسىيىگە قارايدىغان نايمان قەبىلىسىنىڭ ھەم چىرايلىق ھەم ئەقىللىق ئەيمى دېگەن قىزى كېرەي قەبىلىسىگە كېلىن بولۇپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ كېرەيگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن جامائەت مەسلىھەت قىلىشىپ بەيسەنبىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ: «قازاقتا ئەردىن ئايرىلسىمۇ ئەلدىن ئايرىلمايدۇ دېگەن ئادەت بار، قانداقلا بولمىسۇن قايتىپ بېرىشىڭ كېرەك» دېگەندە، ئەيمى: «قازاقتا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شۇ يۇرتتىكى قايسى ئەرگە تېگىشىنى ئۆزى تاللايدۇ دېگەن ئادەتمۇ بار. ماڭا مۇشۇ ئەركىنلىك بېرىلسە قايتىپ باراي» دەيدۇ. بەيسەنبى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ماقۇل كۆرىدۇ. شۇ چاغدا ئەيمى: «مەن كېرەيدىن باشقا بىرسىنى ئەمەس، بەيسەنبى بەگنىڭ ئۆزىنى تاللىدىم» دەيدۇ، بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان بەيسەنبى نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالىدۇ، ئاخىرى كېرەي بەگلىرى مەسلىھەتلەشىپ ئايالنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇنى بەيسەنبىگە توقاللىققا نىكاھلاپ قويىدۇ. بەيسەنبى ئەيمى بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، ئېسىل مىجەزىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، «ئەركە خېنىم» دېگەن ئاھاڭنى ئىجاد قىلىدۇ. بىرنەچچە يىل بىر ياستۇققا باش قويۇپ بىللە ياشىغان ئەيمى بەيسەنبىنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىلا ئەمەس، بەلكى ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى، ئادىل ياردەمچىسى بولىدۇ، بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن بەيسەنبى ئۇنىڭغا بېغىشلانغان «ئەيمى» دېگەن ئىككىنچى ئاھاڭنى ئىجاد قىلىدۇ.

ئەيمىنىڭ ئابرويىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قىزغىنىپ شۇم نىيەتكە كەلگەن بەيسەنبىنىڭ چوڭ خوتۇنى بەيسەنبى جامائەت ئىشى بىلەن سىرتقا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ ئەيمىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ. سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇرغان بەيسەنبى نەچچە كۈن تاماق يېمەي، ئۆيدىن چىقماي ھازا تۇتىدۇ. ئۇ پەقەت دومبىرىسى بىلەنلا مۇڭدىشىپ ئاخىرى «ھەي ئارمان» دېگەن مۇڭلۇق ئاھاڭنى ئىجاد قىلىدۇ.

ئەيمىنىڭ يىلىنى بەرگەن چاغدىمۇ بەيسەنبى قايغۇ - ھەسرەتتىن جۇدا بولالمايدۇ. ئۇ كۆڭۈل ئېيتىپ كەلگەن يۇرت ئاقساقاللىرىغا يىغلاپ تۇرۇپ ھەسرىتىنى تۆكىدۇ، «ئەيمى ئۆلگىلى بىر يىل بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىماسى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ كۆڭۈلۈڭلار بىلەن ئۆزەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



سېغىنىشنى قوشۇپ دومبىرامدا سۆزلىتەي» دەپ، «سېغىنىش» دېگەن ئاھاڭنى چېلىپ بېرىدۇ.

1860 ـ يىللار ھارپىسىدا روسىيىگە قاراشلىق قازاقلارنىڭ ئىككى يىگىتى روس ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمىغا چىدىماي، بىر روس ناچالنىكنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئالتايغا قېچىپ كېلىپ، كېرەيلەرنىڭ ئارىسىدا پاناھلىنىدۇ. بۇنى سېزىپ قالغان روس ھۆكۈمىتى شۇ تەرەپتىكى قازاقلارنىڭ سۇلتانى قونانبايىنى ئىككى قاچقۇننى تېپىپ كېلىشكە كېرەي يۇرتىغا ئەۋەتىدۇ. بەيسەنبى باشچىلىقىدىكى كېرەيلەر ئىككى يىگىتنى تۇتۇپ بەرگۈسى كەلمەي، ئەلچى بولۇپ كەلگەن قونانبايىنى سۆز بىلەن كۆندۈرۈپ، روس مەنسەپدارلىرى- نىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن يۈز ئاتنىڭ خۇنىغا تەڭ ئالتۇن، كۈمۈش يىغىپ بېرىپ، ئىككى يىگىتنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاتاپ بەيسەنبى «بوداۋ كېڭىشى» (تۆلەم تۆلەش كېڭىشى) دېگەن ئاھاڭنى ئىجاد قىلىدۇ.

بەيسەنبى بىر قېتىم روسىيىگە (ھازىرقى قازاقىستان) كېتىۋېتىپ، ئالتاي تېغىدىن ئېقىپ چىقىدىغان «قالجىر» دېگەن دەريا بويىدا توختاپ دەم ئالىدۇ. ئۇ دەريانىڭ ئاق بۇژغۇن چىقىرىپ ئۆركەشلىگەن دولقۇنىغا، قىرغاقنى سۆيۈپ شوخ ئېقىشىغا قاراپ ھاياجانغا كېلىپ «دولى قالجىر» دېگەن ئاھاڭنى ئىجاد قىلىدۇ.

بۇرۇنقى چاغدا ئالتاي تېغىدا بۇغىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇلان دېگەن ھايۋان بولغان. بەيسەنبىنىڭ مەھەللىسىدىكى يىگىتلەر شۇ ھايۋاندىن بىرنى تۇتۇپ ئالىدۇ. بۇ ھايۋاننىڭ تۇرقى تولىمۇ چىرايلىق، نەسلى تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بەيسەنبى ئۇنى سويدۇرماي ئورمانلىققا قويۇپ بېرىدۇ، مۇشۇ ئىشقا بېغىشلاپ «ئەركە بۇلان» دېگەن يېڭى بىر ئاھاڭنى ئىجاد قىلىدۇ.

جار بولدى دېگەن قەبىلىدىكى ئەۋكە دېگەن كىشىنىڭ ئاق يايلىلىق ئېتىنى مىنىپ بەنسەيبى بىر قېتىم سەپەرگە چىقىدۇ. بۇ ئاتنىڭ چىرايلىق يورغىسىغا مەست بولغان بەيسەنبى يول ئۈستىدىلا «ئاق يايلىلىق ئات» دېگەن يېڭى ئاھاڭنى ئىجاد قىلىدۇ. بەيسەنبىنىڭ ئېتىغا ئاتاپ ئالاھىدە ئاھاڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى بىلگەن ئات ئىگىسى بەيسەنبى ئاتنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، ئالماستىن ئۇنى بەگكە سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىدۇ.

بەيسەنبىنىڭ ئاتاق ـ ئابرويىدىن قىزغانغان يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇ بىر يىغىنغا بارغان چېغىدا يوشۇرۇن قەست قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېسەل بولغان بەيسەنبى ئۆيىگە ئاران يېتىپ كېلىپ، ئەۋلادلىرى، ئەل ـ يۇرتى، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىش ئورنىدا «ئاھ، دۇنيا» دېگەن ئاخىرقى ئاھاڭنى چالىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈ خوشلىشىدۇ.

بەيسەنبىنىڭ ئاھاڭلىرى قۇلاققا يېقىملىق، كۆڭۈلگە يېقىن بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە. بۇ ئاھاڭلار ئىنچام، ئاممىباب، ئۆگىنىشكە ئاسان، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل كويى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ئارىدا ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ۋە يېزىپ

قالدۇرۇلمىسىمۇ، لېكىن بىرسىدىن بىرسى ئۆگىنىپ، ئۇزۇلۇپ قالماي، ئەستىن كۆتۈرۈلمەي، بۇگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى قازاقىستان، موڭغۇلىيە، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى قازاقلارغا ئوبدان تونۇشلۇق.

ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارارى بويىچە تۇغۇلغىنىغا 190 يىل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1993 - يىلى بەيسەنبىنىڭ قەبرىسى بۇرۇنقى ئورنىدىن يۆتكىلىپ بۇرچىندىن قاناسقا بارىدىغان يولنىڭ بويىدىكى تۆپىلىككە قويۇلۇپ، بېشىغا چوڭ خاتىرە مۇنارى ئورنىتىلدى. 2003 - يىلى تۇغۇلغان يېرى بۇرچىندا تەنتەنىلىك خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر كىچىكلىك كونسېرت تەييارلىنىپ قويۇلدى. 50 كە يېقىن ئاھاڭى خەلقئاراللىق نوتىغا ئېلىنىپ كىتاب قىلىنىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى تومى نەشر قىلىندى. ئىككىنچى تومى نەشرگە تەييارلىنىۋاتىدۇ. 2003 - يىلى قازاقىستاندا بەيسەنبىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىغا بېغىشلانغان خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

دېمەك، بەيسەنبى دۆنەنباي ئوغلى دۇنيا مىقياسىدىكى قازاقلار ئورتاق بىلىدىغان، ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر خەلق كومپوزىتورىدۇر.

---

(بېشى 98 - بەتتە)

ۋەيسەل مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدا قەدىمكى ئەنئەنىۋى تۈرك ناخشا - ئۇسۇللىرىنى كۆردۇق.

مەن تۈركىيىگە دوستانە زىيارەت ۋە ئىلمىي ئىشلار ئۈچۈن بارغىنىمنىڭ تۈنجىسىدا جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق 13 توم كىتابنى، ئىككىنچى قېتىمدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ ئىشلىگەن ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ CD، VCD پلاستىنكىلىرىنى، ئۈچىنچى قېتىمدا مەشھۇر رەسسام غازى ئەھمەد تەرىپىدىن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا ئاتاپ تەييارلانغان، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پورتېرىتى چۈشۈرۈلگەن نەپىس چىنە تاۋاقتىن 9 نى، تۆتىنچى قېتىمدا مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىرلىشىپ نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ناملىق 12 توملۇق قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە ھەدىيە قىلدىم. مېنىڭ بۇ 4 قېتىملىق ئىلمىي پائالىيەت ۋە زىيارىتىم جۇڭگو - تۈركىيە ئىككى دۆلەت ئىلىم ساھەسى ۋە خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەم چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىجابىي رول ئويناپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈردى ۋە ئۇنىڭغا زور پايدىلىق تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com



# تۈركىيىدىكى زىيارەتتىن قىسقىچە ئۇچۇر

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى (تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز)



تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتاتۈرك مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخ ئالىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور، دوكتور سادىق تۈرالنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەن بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەگە بېرىپ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئاتاتۈرك سەمپوزيۇمىغا قاتناشتىم، بۇ مېنىڭ 2000 ـ يىلى كىرگەندىن بۇيان تەكلىپكە بىنائەن تۈركىيىگە 4 ـ قېتىم بېرىشىم.

2000 ـ يىلى نويابىردا بۈيۈك تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمان غازى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك تۇغۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىغا بېغىشلانغان «مۇستاپا كامال» ناملىق تارىخىي ئەسىرىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندى.

مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلىمىزدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دوكتور رافەت ئاقگۈناي ئەپەندىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپىگە بىنائەن 2002 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۈركىيىگە بېرىپ ئەنقەرە، ئىستانبول، كونيا قاتارلىق شەھەرلەردە 7 كۈن دوستانە زىيارەتتە بولدۇم. مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ مالتەپەدىكى خاتىرە قەبرىسىنى تاۋاپ زىيارەت قىلدىم، ئاتاتۈرك ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى مۇزېيى، قەدىمكى يۇنان دەۋرىدىكى ئەنقەرە قەلئەسى، ئانا دولو مەدەنىيەتلىرى مۇزېيى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئازادلىق ئۇرۇشى مۇزېيى، ئاتا تۈرك ئورمان ـ دېھقانچىلىق مەيدانى ئاتا تۈرك ئۆيى مۇزېيى، ھاجى بايرام ۋەلى

قەبرىسى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قەدىمكى يۇنان قەلئەسى، شۇنداقلا ئەنقەرەنىڭ شىمالىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان چۇبۇك قەسەبەسى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدىم. كونيادا بولغان كۈنۈمدە بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ، شائىر، ئالىم ھەزرىتى مەۋلانا جالالىدىن رۇمىنىڭ ۋە مۇتەسەۋۋۇپ ئالىم شەمس تەبرىزىنىڭ قەبرىسىنى، 12 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە بولغان سەلجۇقىلار ۋاقتىدىكى شەراپىدىن جامئى، ئەلائىددىن كەيقۇباد جامئىسى، قاراتاي مۇزېيى قاتارلىق ئاسارە - ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلدىم. يەنە ھەزرىتى مەۋلانا جالالىدىن رۇمى ۋاپاتىنىڭ 730 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن «مەۋلانە ھەپتىلىكى» گە قاتناشتىم. ئىستانبولدا تۇرغان كۈنلىرىمدە قارا دېڭىز بوغىزى، مارمارا دېڭىزى، توپكاپ ساراي مۇزېيى، دولما باغچە پادىشاھلىق مۇزېيى، سۇلتان ئەخمەد جامەسى، ئاياسوفىيە مۇزېيى، يەر ئاستى سۇ ساراي مۇزېيى، ئەسكىرى مۇزېي، تۈرك ئىسلام ئەسىرى مۇزېيى، بايەزىد مەسجىدى، پاتىھ سۇلتان مەخمۇت مەسجىدى ۋە ئەييۇپ سۇلتان مەسجىدى قاتارلىق مەشھۇر جايلارنى زىيارەت قىلدىم. ئەنقەرەدىكى زىيارەت مەزگىلىدە، يەنى 29 - ئۆكتەبىر كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ 79 يىللىق دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىغا قاتناشتىم ۋە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە سەھنىدە ئولتۇرۇپ پارات كۆردۈم. يەنە ئىستانبولدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن ئېچىلغان «ئۇرۇش باللىرى ۋە يېتىم - يېسىرلەر» نامىدىكى خەلقئارا سەمپوزىيۇمغا قاتناشتىم.

2003 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيەتى ئاتا تۈرك مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخ ئالىي جەمئىيىتى، ئاتاتۈرك تەتقىقات مەركىزىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور، دوكتور سادىق تۇرالنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېلىمىزدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دوكتور رەفات ئاقگۈنايغا ھاۋالە قىلىشى ھەم باش ئەلچى دوكتور رەفات ئاقگۈنايىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن شۇ يىلى 12 - ئايدا 2 - قېتىم تۈركىيىگە بېرىپ 5 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئاتاتۈرك كونگېرەسىگە قاتناشتىم. 5 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئاتا تۈرك كونگىرەسى شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئەنقەرەدىكى پايتەخت مائارىپ مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. 5 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئاتا تۈرك كونگېرىسى دۇنيا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (BDT) يەن - مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ 1981 - يىلىنى، يەنى غازى مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە يىلىنى «ئاتاتۈرك يىلى» قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىنكى ئۆتكۈزۈلگەن كۆلىمى زور بولغان بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي بولۇپ، بۇنىڭغا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىن بولۇپ 28 دۆلەت ۋە رايونلاردىن جەمئىي 165 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى. مەن بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا «جۇڭگودا ئاتاتۈرك تەتقىقاتى» ناملىق ماقالەمنى ئوقۇدۇم، بۇ ماقالەم ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەملىكەت

ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىلىدىغان ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال «بۇلاق» نىڭ 2004 ـ يىللىق تۆتىنچى سانىدا ئېلان قىلىندى . 2005 ـ يىلى ئىستانبولدا چىقىدىغان «بىلىم ۋە ئۇتوپىيە» (BILIM VE UTOPYA) ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 10 ـ ئايلىق سانىدا بۇ ماقالەمنى ئىنگلىزچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ ئالاھىدە بىر تەھرىر ئېلاۋىسى بىلەن قوشۇپ باستى ۋە «يازغۇچى يۇسۇپجان ئەلى ئىسلامى كىم؟» دېگەن يەنە بىر سەرلەۋھە ئاستىدا مېنى تۈرك دۇنياسىغا تونۇشتۇردى . بۇ ماقالە يەنە شۇ يىلى نەشر قىلىنغان «5 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئاتاتۈرك كونگرېسى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلدى .

2005 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتاتۈرك مەدەنىيەت ، تىل ۋە تارىخ ئالىي جەمئىيىتى ، ئاتا تۈرك مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ باشلىقى پروفېسسور ، دوكتور تاجەسەر ئۇنۇق خانىمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەن 3 ـ قېتىم ئەنقەرەگە بېرىپ ، 6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا تۈرك مەدەنىيىتى كونگرېسىغا قاتناشتىم . بۇ كونگرېس 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئەنقەرە پايتەخت مائارىپ مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى . بۇ ھەر 4 يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان كۆلىمى زور بولغان خەلقئارالىق ئىلمىي قۇرۇلتاي بولۇپ ، بۇ قېتىمقىسىغا ئاسىيا ، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىن بولۇپ 46 دۆلەت ۋە رايوندىن جەمئىي 353 نەپەر ئالىم ، مۇتەخەسسىس قاتناشتى . مەن كونتېرتىپكە ئاساسەن 22 ـ نويابىر كۈنى «جۇڭگودىكى خەنزۇچە مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان قەدىمكى تۈركلەرنىڭ قانۇن مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالەمنى ئوقۇدۇم . مەن بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە ئەنقەرەنىڭ غەربىگە 100 كىلومېتىر كېلىدىغان قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئۆتەڭ — بەي پازارى (بەگە بازىرى ياكى باي بازىرى) نى ، ئىستانبولدا ئىستانبول مائارىپ ـ مەدەنىيەت ۋەقفى (ISTEK) نىڭ باشلىقى (سابىق ئىستانبول شەھەر باشلىقى) بەدرەتتىن دالاننىڭ تەكلىپى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يەدەتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدىم .

مەن ئىشتىراك قىلغان 2002 ـ يىلىدىكى سەمپوزىيۇمدا تارىختا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ۋە ئوسمانلى دۆلىتىدە يولغا قويۇلغان يېتىم بالىلارغا ئائىت ئىجتىمائىي تەدبىرلەر ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھوقۇقى ، تەسىس قىلىنغان يېتىمخانىلار ، تۈرك ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئورنى — «جەمئىيەتى تەدرىسىيەئى ئىسلامىيە» ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇرۇشنىڭ بالىلارغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى دارىلئىتاملار ، مىللىي مۇجادەلە دەۋرىدىكى يېتىملەر ۋە ئۇلارغا ئامېرىكىدىكى تۈركلەرنىڭ ياردەملىرى ، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى ۋە ئۇرۇشتىكى قەھرىمان بالىلار ، روسلارنىڭ قىرىم تۈرك بالىلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى ، 1930 ـ يىلى قازاقىستاندا يۈز بەرگەن يېتىم بالىلارنىڭ ئاچلىق ۋەقەسى ، 1944 ـ ، 1945 ـ يىللىرىدا قىرىم بالىلىرىنىڭ پاجىئەسى ، ئەزەربەيجان ، ئەرمەنىستان ئۇرۇشى ۋە بالىلار ، تۈرك قەھرىمانلىق داستانلىرىدىكى باھادىر بالىلار ، دەدە قورقۇت كىتابىدىكى

يېتىملىك ئۇقۇمى، تۈرك مەسىلىلىرىدە-
كى يېتىملىك، قازان تاتار بالىلار
ئەدەبىياتىدىكى يېتىم - يېسىرلەر، ياقۇپ
قادىرى قارا ئوسمان ئوغلى، خالىدە
ئەدىب ئادىۋار، فالىخ رىفكى ئاتاي،
ئۆمەر سەيپەددىن ۋە چىڭگىز ئايتماتوۋ
ئەسەرلىرىدىكى ئۇرۇش ۋە بالىلار،
يېتىملىك ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ سەۋەبلىرى
قاتارلىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.
2003 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىغا ئاتاپ
ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئاتا
تۈرك كونگىرىسى نۇقتىلىق هالدا
ئاتاتۈرك پرىنسىپى ۋە ئىنقىلابلىرى،
ئاتاتۈرك چۈشەنچىسى، مىللىي
مۇجادەلە، مۇستەقىللىق ئۇرۇشى،
لوزان تىنچلىق سۆھبىتىدىن بۈگۈنكى
تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تارىخى، ئاتاتۈرك
ۋە ئاتاتۈرك چۈشەنچىسىنىڭ ئالەمشۇمۇل
نىشانى ۋە 21 - ئەسىردىكى ئۈنۈمى
قاتارلىق ماۋزۇلار ئاستىدا مۇنازىرە
ئېلىپ بېرىلدى. بۇ نۆۋەتلىك كونگىرە-
نىڭ ئاخىرىدا كونگىرە هەل قىلغان
مەسىلىلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك
باياننامە ماقۇللاندى: (1) ئىنسانىيەت
تارىخىدا يېتىشكەن ئەڭ ئۇلۇغ
كىشىلەردىن بولغان ئاتاتۈرك هەربىي ۋە
سىياسىي جەھەتتىكى تالانتى بىلەن ئەڭ
ئۈستۈن ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە ئادەم،
بۈيۈك ئالىم، تىنچلىق سۆيەر داهىي
بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا مەشھۇر
ئورۇن تۇتماقتا. ئاتاتۈرك هەر دائىم
ئۇرۇشقا قارشى، دۇنيادا ئەڭ خەلقپەرۋەر
ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلمەس پىكىرلىرى
دائىم تۈركىيىدە، تۈركىيە سىرتىدا ۋە
پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىدا ئەڭ زور هاياتىي
كۈچكە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ
هۆرمىتىنى قوزغاپ تۇرماقتا. (2)
ئاتاتۈرك چۈشەنچىسىگە تايانغان ۋە
شۇنىڭغا ئاساسەن قۇرۇلغان تۈركىيە
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپ،
قائىدە - قانۇنلىرى (ئەسلى ماهىيىتىنى
ئىپادىلەيدىغان ئالاهىدىلىك، خاراكتېر
ۋە خۇسۇسىيەتلىرى) دىن قەتئىي ۋاز
كېچىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، تۈركىيە
جۇمھۇرىيىتى دۆلىتى بىر زامانىۋى
مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى ئاساس قىلغان
هالدا پىچىملەنگەن دۆلەت، شۇڭا ئۇ
مەڭگۈ شۇ شەكىلدە داۋام قىلىدۇ. (3)
ئاتا تۈركنىڭ ئالەمشۇمۇللىقى،
پىكىرلىرىنىڭ ئىلغار هەم شۇ قەدەر
ئىلمىيلىكى يالغۇز تۈركىيە ئۈچۈنلا
ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيا ئۈچۈنمۇ
بەك مۇهىم. (4) ئاتا تۈرك چۈشەنچە-
سىدىكى ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان
هەقىقەتلەردىن بولغان مىللىي ئۆزلۈك ۋە
مىللىي غۇرۇر، هەر زامان باشقىلارنىڭ
مۇستەملىكە قىلىۋېلىشىدىن مۇداپىئە
كۆرۈش ئىدىيىسى هەر دەۋرلەردىكى
دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە يېڭىدىن يېتىشىپ
چىققان تۈرك ياشلىرىنىڭ تارىخ،
سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەۋقەلىرىدە
مۇهىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىنسانلىق قەدىر
- قىممىتىگە، ئاساسىي هوقۇقلىرىغا
دەخلى - تەرۇز يېتىپ، ئىنسان هوقۇقى
ۋە ئەركىنلىكى تەهدىتكە ئۇچرىغان
چاغلاردا، تۈرلۈك تېررورلۇقلارغا دەس-
تەك بەرگەن هەرىكەت ۋە ئۇنىڭ
شەكىللىرىنىڭ 21 - ئەسىر دۇنياسىغا
قەتئىي زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ
تۇرىدۇ. (5) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى
دۆلىتى بىر مىللىي، زامانىۋى،
دېموكراتىك ۋە ئىجتىمائىي هوقۇق
دۆلىتىدۇر. بۇ دېموكراتىك، ئىجتىما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىي ھوقۇق دۆلىتىنىڭ تايىنىدىغىنى ئاتاتۈرك مىللەتچىلىكىدۇر. ئاتاتۈرك پرىنسىپلىرى ۋە ئىنقىلابلىرى تۈرك دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس ۋە ئايرىشلىماس خۇسۇسىيەتىدۇر. 5 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئاتاتۈرك كونگىرىسىدە ئوقۇلغان ماقالىلاردا ئاتاتۈرك دۆلەت قۇرغان 100 يىل مابەينىدە ئاتاتۈرك بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ كۆرەش قىلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى يۇقرالىرىنىڭ ئاتاتۈرك كۆرسىتىپ بەرگەن نىشان بويىچە ئىلگىرىلەپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىر ـ بىرلەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، تۈركىيە ۋە دۇنيا خەلقىگە ھۆرمەت بىلەن سۇنۇلدى.



2005 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 6 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا تۈرك مەدەنىيىتى كونگىرىسىنىڭ ئاساسىي تېمىسى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە تۆھپىسى ئۈستىدە بولۇپ، بۇ كونگىرىدە مىڭلارچە يىللىق تارىخقا ئىگە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تۈيغۇ ۋە پائالىيەت مۇدەلى، بىلىم، سەنئەت ھۈنەرلىرى، تارىخ چۈشەنچىسى، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى، بۇ سىستېما ئىچىدە نۇقتىلىق ھالدا تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۈشىدىن بۈگۈنى ۋە ئەتىسىگىچە بولغان تىل، ئەدەبىيات تارىخى، تارىخچىلىقى، پەلسەپىسى، پەن ـ تېخنىكىسى، مائارىپى، دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسى، فولكلورى، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنىسى، مۇزىكىسى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، مېمارچىلىق تارىخى، يېمەك ـ ئىچمەك، ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتى، كىيىم كېچەك مەدەنىيىتى، ھوقۇق (قانۇن)، دېموكراتىيە ۋە تەنتەربىيىسى قاتارلىقلار مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىندى.

غازى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئاتاتۈرك سەمپوزيۇمى بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 18ـ كۈنىگىچە ئەنقەرەدە ئاتاتۈرك مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخ ئالىي جەمئىيىتى تۈرك تىلى قۇرۇمى (TDK) كونفىرانسى سالونىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك سەمپوزيۇم تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش باكانلىقىغا قاراشلىق 42 دۆلەت ئورگىنىنىڭ غازى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 2006 ـ يىلى ئۇيۇشتۇرغان 308 چوڭ تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەنقەرە ۋاقتى سائەت 10 دىن 12 گىچە جۇمھۇرىيەت مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىكى (MEB) نىڭ شورا سالونىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا پروفېسسور، دوكتور سادىق تۇرال رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇمھۇر باشكان ئەخمەت سەجدەد نەزەر، باش باكان رەجەپ تايىنىپ ئەردوۋانلار قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز سۆزلىدى.

سەمپوزىيومغا ياپونىيە، جۇڭگو، ئامېرىكا، روسىيە، ئەنگلىيە، ئەزەربەيجان، قىرغىزىستان، داغىستان، تاتارىستان، قازاقىستان، رۇمىنىيە، بۇلغارىيە، پاكىستان قاتارلىق 14 دۆلەت ۋە تۈركىيىدىكى ئەنقەرە، ئىستانبول، سامسۇن، مەرسىن، ئىزمىر، چاناققەلئە، ئەرزۇرۇم، ئەپيۇن، ئاماسىيا، مۇغلا، ئەسكى شەھەر، قەيسەرى، ئىسپارتا، كونيا، ئانتالىيە، قىرىققەلئە، خاتاي (ئانتاكيە)، ئەرزىنجان قاتارلىق 18 ئۆلكە، شەھەردىن بولۇپ، جەمئىي 94 ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى ۋە 85 ئادەم سۆز قىلدى. بۇ كونفېرانسىدا ئاتا تۈركنىڭ ئالەمشۇمۇللىقى ۋە مىللىيلىقى دېگەن باش تېما ئاستىدا، ئاتاتۈرك بولمىغان بولسا دۇنيا قانداق شەكىللىنەرئىدى؟ تۈرك ئىنقىلابىنىڭ ئالەمشۇمۇللىقى، ئاتا تۈركنىڭ سىزىپ بەرگەن يولىدا تۈركىيەنىڭ دۇنيادىكى ئورنى، تۈرك ئىنقىلابىنىڭ مىللىيقى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاز كېچىلمەس قەدىر - قىممىتى، ئاساسي ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەتلىرى، بۈگۈنكى خەلقئارادا بولۇۋاتقان تەھدىت ۋە تەھلىكىلەر ئالدىدا ئىنسانلارغا يورۇقلۇق بەرگۈچى ئاتا تۈرك، ئاتا تۈركچىلىك پىكرىدە لايىقلىق چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ تەدبىق قىلىنىشى قاتارلىق مەزمۇنلاردا بەس - بەس بىلەن ئىلمي مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى. مەن بۇ سەمپوزىيومنىڭ 1 - كۈنى ئالدىدىن 3 - رەتتە سۆزگە چىقتىم ۋە «ئاتاتۈرك رەھبەرلىكىدىكى تۈركىيىنىڭ لايىقلىق ئىسلاھاتى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى زامانىۋىلىشىش ھەرىكىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» دېگەن ماقالەمنى ئوقۇدۇم، 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ نۆۋەتلىك كونفىرانسى رىياسەتچىسى پروفېسسور، دوكتور سادىق تۇرال سەمپوزىيومدىن خۇلاسە سۆزى سۆزلىگەندە، ئاۋال مېنىڭ ماقالەمنى، كېيىن ياپونىيىلىك پروفېسسور، دوكتور ماسامى ئارائى ئەپەندىنىڭ «1876 - ۋە 1924 - يىللاردىكى تۈركىيە ئاساسي قانۇنىدا ئەكس ئەتكەن ھۆرلۈك ۋە باراۋەرلىك چۈشەنچىسىدىكى ئۆزگىرىش ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى، ئاندىن كېيىن ئەنگلىيىلىك پروفېسسور، دوكتور ئاندىرى مانگو ئەپەندىنىڭ «ياۋروپانىڭ ئاتاتۈركنى چۈشىنىشى» دېگەن ماقالىسىنى ئالاھىدە ئېتىبارلىق بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

بۇ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاتاتۈرك سەمپوزىيومى مەزگىلىدە بىز بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرى پروفېسسور، دوكتۇر سادىق تۇرالنىڭ رىياسەتچىلىكىدە غازى مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ مالتەپەدىكى ئانت قەبرىسىگە گۈلچەمبەرەك قويدۇق ۋە ئانت قەبرىدە ئازادلىق ئۇرۇشى مۇزېيىنى زىيارەت قىلدۇق، پايتەخت مائارىپ مېھمانخانىسىنىڭ كونفېرانسى سالونىدا تۈرك سەنئەت، مۇزىكا كونسېرتلىرىنى كۆردۇق، ئەنقەرە كەچى ئۆرەن شەھەرچىسىنىڭ باشلىقى تۇرغۇت ئالتىنوكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يېقىندىن ئېچىلغا ساياھەت شەھەرچىسى — كەچى ئۆرەن قەلئەسىنى زىيارەت قىلدۇق. مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ شۇرا سالونىدا دۆلەت خەلق ئۇسۇللىرىنى كۆردۇق، ئاخىرقى كۈنى ئاشىق

(داۋامى 92 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەدەپ ـ قائىدە ۋە ئومۇمىي ئەخلاق توغرىسىدا ھېكمەتلىك سۆزلەر

بىر ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى نىشان قىلغاندا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئادىل بولغان بولىدۇ.

—— ئەرۋىيشىيوۋ

ئۇستاز بولغان ئادەمدە ئۆزىگە خاس ياخشى تەربىيىلىنىش بولۇش كېرەك. ھەرقانداق ئادەم بىلەن بىرگە بولغاندا، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق يەردە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىسىنى مۇۋاپىق ئىپادىلىشى كېرەك.

—— لوك

ئەدەپ ـ قائىدىگە پۇل خەجلەش كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ھەممە نەرسىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

—— مىڭتېيەن

ئەدەپ ـ قائىدە باللار بىلەن ياشلار ئالاھىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېتىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بىر چوڭ ياخشى ئادەت.

—— لوك

ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولغانلىق — ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولغانلىقنىڭ بىر خىل بەلگىسى بولۇشى ناتايىن. ئەمما، ئەدەپ ـ قائىدىسىزلىق ئادەمنى گۇمانخور ۋە دۆت قىلىپ قويىدۇ.

—— لەنداۋ

ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۆزىنىڭ باشقىلارغا بولغان ئەدەپ ـ قائىدىسىنى ئىپادىلەشتە ئانچە قىينىلىپ كەتمەيدۇ.

—— روسسو

ئەدەپ ـ قائىدە ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسى ئىچكى جەھەتتە بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر ئەدەپ ـ قائىدىنىڭ شەكلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كېتىدىكەن، ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ روھى بىلەن ماھىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىپ كېتىدۇ.

—— جون ـ خور

قۇياش شامالدىن تېزراق سۈرئەت بىلەن جۇۋانىڭ سالدۇرۇۋېتەلەيدۇ. كەڭ قورساقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ھەرقانداق زورلۇق كۈچتىنمۇ ئاسانراق ئۆزگەرتەلەيدۇ.

—— كارنىگ

تۇرمۇشتا، ئەپۇ قىلىشتىن مۆجىزە پەيدا بولىدۇ. ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق ھېسسىيات جەھەتتىكى زىياننى قايتۇرۇپ ئالغىلى بولىدۇ. ئەپۇ قىلىش — بىر مەشئەلگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئالدىراڭغۇلۇق، ئاغرىق ـ ئادەۋەت ۋە ئۆچ ئېلىش پىسخىكىسىدىن سېلىنغان يوللارنى يورۇتقىلى بولىدۇ.

—— مونۇزناسۇپ

ئادەملەرنىڭ ھايۋانلاردىن قەدىرلىك

بولۇشى — ئۇلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدە ئۇققانلىقىدا.

—— يەنزى

باشقىلار بىلەن بىر ئىشنى قىلمەن دېسەڭ، زىيان تارتىشنى ئۆگىنىۋال.

—— زوزۇڭتاڭ

ماختاپ تۇرۇپ هوزۇرلىنىش — تەربىيە كۆرگەن ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن گۈزەل قەلب بىرلەشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

—— كۇرىڭ

هەرقانداق ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، هەرقانداق ئادەم هەتتا ئاھانەتكە ئۇچرىغاندىمۇ، ئۆچ ئالالمايدىغان ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

—— ئىزوپ

ئادەمنى قورقۇتقاندىن كۆرە ئادەمگە مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزگەن ياخشى، ئادەمگە مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزگەندىن كۆرە ئادەمگە ئىززەت ـ هۆرمەت قىلغان ياخشى.

—— لى شىڭ

سىلىق، يېقىملىق پوزىتسىيە ئادەم ئۈچۈن مەڭگۈلۈك تونۇشتۇرۇش دېمەكتۇر.

—— بىكون

قوپال، ئەدەپسىزلىك ئىچكى دۇنياسى ئابرويپەرەسلىك بىلەن تولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆچلۈك قىلىپ كۆرسىتىدىغان ۋاستىدۇر.

—— ئېلىك خۇي

شان ـ شەرەپكە كەمتەرلىك قوشۇلسا، ئادەم تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ماختىغاندا، ئادەم تېز ۋەيران بولىدۇ.

—— لوكۇن

باشقىلارنى ماختاش — ئاجايىپ بىر خىل تەجرىبە، سەن باشقىلارنى قانچە كۆپ ماختىساڭ، سېنىڭ ئالىدىغان پايداڭ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، دۇنيادىكى هەرقانداق ئىش بۇ خىل تەجرىبىدەك قىزىقارلىق بولمايدۇ.

—— گۈلۈك

باشقىلارنى ماختىغانلىق — ئۆزىنى باشقىلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىق بولىدۇ.

—— گېتى

كىشىلەرنى ماختىساڭ سەممىي نىيەت بىلەن ماختا. مەردلىك بىلەن ماختا. شۇنداق قىلغاندا، كىشىلەر ئاندىن سېنىڭ گېپىڭنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، گېپىڭنى قىممەتلىك دەپ قارايدۇ.

—— كارنىگ

تۇرمۇشتىكى مەيلى قايسى ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ باشقىلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۆزى ئۈچۈنلا تەنها ياشايمەن دېيىش ناهايىتى بىمەنە خام خىيالدۇر.

—— ماۋجۇ

ئۆزىنىمۇ خۇش قىلىش، باشقىلارنىمۇ خۇش قىلىش، ئۆزىگىمۇ ئازار بەرمەسلىك، باشقىلارغىمۇ ئازار بەرمەسلىك، بۇ مېنىڭچە ئەخلاقشۇناسلىقنىڭ بارلىق مەزمۇنىدۇر.

—— شاڭ خور

www.uyghurkitap.com



كوللېكتىپنى ئويلىمىغان ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتتۇر. ئۇنداق ھەرىكەت جەمئىيەتكىمۇ زىيانلىق، ئۆزىگىمۇ زىيانلىق.

— ماكلىيەنكى

ئورتاق خىزمەت، ئورتاق كۈرەش — كىشىلەرنى بارلىق نەرسىلەرگە چىداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ.

— ئوستىرووۋىسكىي

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا، 15% ئۇنىڭ كەسپىي تېخنىكىسىغا باغلىق بولىدۇ، 85% كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ۋە ئۇنىڭ ئادىمگەرچىلىك قابىلىيىتىگە باغلىق بولىدۇ.

— كارنىگ

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە ئالىيجاناپ بولۇشى — ئۇلارنىڭ تۇغما تالانتىدىن بولغان بولماستىن، بەلكى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسى.

— دېموكرىت

يالغۇز ياخشى ئىش قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە توغرا ئۇسۇلغىمۇ تايىنىش كېرەك.

— روسسو

بىر ئادەم ھەرقانچە قابىلىيەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، كوللېكتىپ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

— ئوستىرووۋىسكىي

ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھاياتىدا بەختسىزلىك بىلەن ئازابنى ئۆز بېشىدىن كۆچۈرىدۇ، بەزىلەر ئازاپقا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنىلا ئويلاپ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ، چۈشكۈنلىشىپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئاھ ئۇرىدۇ؛ بەزىلەر ئازاپقا دۇچ كەلگەندە، باشقىلارنى ئويلايدۇ، كوللېكتىپنى ئويلايدۇ، ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنى، ۋەتەن ۋە ئىنسانلارنى ئويلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ.

— شيەن شىڭخەي

ئەگەر ئادەم ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىماستىن، بەلكى ئۆزىنى جەمئىيەتكە قوشۇۋەتكەندە، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. چۈنكى، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئەتراپىكى بارلىق نەرسىلەرنى يوقىتىشقا، پۈتكۈل دۆلەتنى يوقىتىشقا، پۈتكۈل تۇرمۇشنى بوغۇپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئوستىرووۋىسكىي

كىمدە كىم ئۆزىنى ئەۋلىيا چاغلاپ، تالانتىم كۆمۈلۈپ قالدى دەپ قارايدىكەن، كىمدە كىم كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ كېتىدىكەن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تەقدىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

— ئوستىرووۋىسكىي

ئۆزىنى ئادەم ھېسابلىغان كىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلىشى، پەرزەنتلىرىگە مېھرىبان بولۇشى، نامرات تۇغقانلىرىغا مەردلىك قىلىشى، بارلىق ئادەملەرگە ئەدەپ ـ قائىدە بىلەن مۇئامىلە

قىلىشى كېرەك.

—— روسسو

ياشلار باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەسلىكى، باشقىلاردىن ئالغان نەرسىلەرنى يەنە باشقىلارغا قايتۇرۇشى، ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىقتىن ساقلىنىشى، سەممىيلىك بىلەن باشقىلارنى خۇش قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن تۈز كۆڭۈل، ئادىل ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

—— كىۋامېنوس

مەيلى سەن ئايال ياكى ئەر كىشى بولۇشىڭدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەرگە ئىللىق ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇ چاغدا سېنى ئادەم دەپ سانىغىلى بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مۇشت بىلەن باشقىلارنىڭ گەپ - سۆز قىلىشىنى توسقانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقىي باتۇر، كەسكىن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

—— ساد

مىجەز جەھەتتە چۈس بولۇش — ئىنسانلارنىڭ ئەسكى ئادەتلىرىدىن بىرى، ئەگەر ئادەم ئاچچىقلانسا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنگەنلىك بىلەن باراۋەر.

—— دارۋىن

ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئاچچىقلىنىش بولمايدۇ.

—— ئېدىسون

ئەخلاقلىق ئادەم باتۇر كېلىدۇ، ئادىل، تۈز كۆڭۈل ئادەم ھەرگىز توخۇ يۈرەك بولمايدۇ.

—— شېكىسپىر

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىگىلا تايانسا، ئۆزىنى كوللېكتىپنىڭ سىرتىدا قويسا، ئۆزىنى ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىغان ئۇلۇغ تەپەككۇرنىڭ سىرتىدا قويسا، ئۇ چاغدا، ئۇنداق ئادەم ھورۇن، مۇتەسسىپ ۋە تۇرمۇش تەرەققىياتى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

—— گوركىي

ئەگەر ئادەمنى چۈشىنىش بىر خىل تەقدىم قىلىش دېيىلسە، ئۇ چاغدا باشقىلار تەرىپىدىن چۈشىنىلىشنى بىر خىل راھەت دېيىشكە، پۈتۈنمۇ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل راھەت دېيىشكە بولىدۇ.

—— جۇ زۇڭۋي

بەزى ياشانغان كىشىلەر ناھايىتى سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىستىلى ناھايىتى لاتاپەتلىك ۋە گۈزەل بولىدۇ، گەرچە بەزى ياشلارنىڭ چىراي - تۇرقى ناھايىتى چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا گۈزەللىك جەھەتتىكى تەربىيىلىنىش كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار ماختاشقا ئەرزىمەيدۇ.

—— بېكون

كوچىدىكى يۈرۈش - تۇرۇش ھەرىكەتلىرىڭىزگە دىققەت قىلىشقا سەل قارىماڭ، بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى ئۇنىڭ كوچىدىكى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سىنىڭ كوچىدىكى ئىپادەڭ سىنىڭ پۈتكۈل تەربىيىلىنىش

www.uyghurkitap.com



ئەھۋالىڭنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

—— يام. چىس

تەربىيە كۆرمىگەن ئادەملەردە باتۇرلۇق قوپاللىققا ئايلىنىدۇ، بىلىم چىرىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ، سەزگۈرلۈك - كۈلكىلىك بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

—— لوك

ئەدەپ - قائىدىنىڭ مەقسىتى ۋە رولى ئەسلىدىكى قاتتىق پوزىتسىيىنى يۇمشاق پوزىتسىيىگە ئايلاندۇرۇش، كىشىلەرنى باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئىشلەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

—— لوك

باشقىلارنىڭ ساڭا ھاۋالە قىلغان ئىشلىرىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانلىقىڭ — سېنىڭ تەربىيە كۆرگەنلىكىڭنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

—— گېتى

تاشقى جەھەتتىكى پاكىزلىق ۋە سىپايىلىق — ئىچكى پاكلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ئىپادىسى بولۇشى كېرەك.

—— بېلىنسكىي

باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلمىغان ئادەم ئەڭ ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ سەسكىنىشى ۋە ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

—— كارنىگ

ئۇلۇغ قابىلىيەت ۋە ئۇلۇغ ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە بولساڭ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ماختىشىغا ئىگە بولالايسەن.

—— چېستى فىردى

ئادىمگەرچىلىكنىڭ قىممىتى ئەدەپ - قائىدە بويىچە ئالاقىلىشىپ تۇرۇشتا، ئەگەر سەن دوستلۇققا ئىگە بولماقچى بولساڭ، ئۇ چاغدا سەن دوستۇڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك.

—— ئېدىسون

ھەممە ئادەم ياخشى پۇقرا بولسا، جاھان تىنچ بولىدۇ. ھەممە ئادەم شەخسىيەتچى بولسا، جاھان قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.

—— ليو ئېي

ئادەمنى بىر ئېغىز ياخشى سۆز بىلەن خۇرسەن قىلىش كېرەك بولغان چاغدا ئۇنىڭغا خازىنە بەرسەڭمۇ قارىمايدۇ. سۆز بىلەن ئەل ئۇلۇمدىن نجاد تاپىدۇ، سۆز بىلەن ئۆلۈك تەن تىرىلىدۇ.

—— ئەلشىر ناۋائىي

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى خەلققە تەقدىم قىلالىسا، بۇنى ئەڭ زور خۇشاللىق دېيىشكە بولىدۇ.

—— جاڭ خەيدى

ھەقىقىي بەخت كونكرېت ھەم ئەمەلىي بولىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەرنى بەختلىك قىلالايدىغان كىشىنىڭ ئۆزىمۇ بەختلىك بولغان بولىدۇ.

—— جاڭ خەيدى

بىر ئادەم كوللېكتىپنىڭ

ئىشەنچىسىگە ئىگە بولالىسا، بۇ ئەڭ بەخت ھېسابلىنىدۇ.

—— ۋويېوندۇ

سەن ھەممە ۋاقىتتا بەزى كىشىلەرنى ئالدىيالىشىڭ مۇمكىن. بەزى ۋاقىتلاردا ھەممە كىشىلەرنى ئالدىيالىشىڭ مۇمكىن. ئەمما، ھەممە ۋاقىتتا ھەممە ئادەمنى ئالدىيالمايسەن.

—— لىنكولىن

تىل بىلەن يەتكۈزۈلگەن جاھارەت قىلىچ بىلەن يەتكۈزۈلگەن جاراھەتتىن ئېغىرراقتۇر.

—— ئەز - زەمەھشەرى

ھەر بىر تىرىك جان مۇقەررەر ئۆلىدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئەڭ ياخشى ساۋاپ ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ھايات ئادەم ئۈچۈن ناھايىتى ساۋابلىقتۇر.

—— ئەز - زەمەھشەرى

مەرت ۋە ئالىيجاناپ كىشىنىڭ ئەڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىدىن بىرى - ئۆز دوستىنىڭ ئەيىپىنى يېپىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ئورنىدا كۆرۈپ ئىش تۇتۇشتۇر.

—— ئەز - زەمەھشەرى

ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، تۇرلۇك ۋەج - سەۋەب كۆرسەتكۈچى ئادەم مەرد ۋە ھىممەتلىك ئىنسان بولالمايدۇ.

—— ئەز - زەمەھشەرى

تاماقنى ئاز يېسەڭ، كېسەل
بولمايسەن،
سۆزنى تاللاپ قىلساڭ، ئاپەت
كۆرمەيسەن.

—— خىتەن

دۇنيادا ئۆزىنىڭ ھىلىگەرلىكىنى يوشۇرۇپ قالالايدىغان بىرمۇ ھىلىگەر ئادەم يوق.

—— لوك

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سىرلىرىدىن بىرى شۇكى، سەن قانچە سەممىمىي بولساڭ، ئۇ چاغدا سەن كىشىلەر بىلەن شۇنچە ئاسان چىقىشىپ كېتەلەيسەن.

—— جياڭ شاۋلۇن

يېڭى تونۇشقان كىشىلەر مېنى ياخشى كۆرسۇن، مېنى كۆپرەك چۈشەنسۇن دېسەڭ، ئۇ چاغدا سەممىيلىك بۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى.

—— ئەيلىن

سەممىيلىك بارلىق ئەقىل - پاراسەتتىن ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەممىيلىك ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى.

—— كانىت

تۆز كۆڭۈللۈك بىلەن قىلىنغان تەنقىد خۇددى ئەلا سۈپەتلىك ئەينەككە ئوخشاش ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ساختىپەزلىك بىلەن قىلىنغان خۇشامەت خۇددى بۇرمىلانغان «شەيتان ئەينەك» كە ئوخشاش ئەسلى قىياپىتىمىزنى كۆرۈۋېلىشىمىزنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

—— لىن چۈەن

بىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممە نېمىسى ياخشى، بىز ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەمنىڭ ھەممە نېمىسى قاپقارا جاڭگال دەپ قاراش — بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك بولغان خاتالىق.

—— خالپاكىس

(رەھىم يۈسۈپ توپلىغان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# قىسقا خەۋەرلەر

△ نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شى شىلۇ، نىياز كېرىم شەرقىي، لېي جۇڭشۇن قاتارلىق تەتقىقاتچىمىز 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە يىنچۈەندە ئېچىلغان «نىڭشىيا تارىخ ـ مەدەنىيەت لوڭقىسى — غەربىي رايون بويىچە مەشھۇر خەتتات، رەسساملار تەكلىپ قىلىنغان كۆرگەزمە» پائالىيىتىگە قاتناشتى. كۆرگەزمىگە تەتقىقات يۇرتىمىزدىن جەمئىي ئالتە پارچە ھۆسنخەت ـ رەسىم قاتناشتۇرۇلدى.

△ تەتقىقاتچىمىز مۇھەممەت زۇنۇن يازغان «سەلتەنەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخى — خۇنەن تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنى زىيارەت» ناملىق ماقالىسى بۇ يىل 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان مۇكاپاتلىق ئەسەر قوبۇل قىلىش مۇسابىقىسىدا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەتقىقاتچىمىز يېزىپ چىققان ۋە تۇنجى قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نەزەرىيىۋى ماقالا ھېسابلىنىدۇ.

△ تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى (تارىخ ـ مەدەنىيەت يۇرتى) نىڭ مەجلىسخانىسىدا ئۇيغۇرچە «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشمە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. بۇ سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ۋە تەتقىقات يۇرتىمىزنىڭ بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرى بولۇپ 50 دەك كىشى ئىشتىراك قىلدى، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئۇيغۇرچە «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300» نىڭ نەشر قىلىنىشى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى توغرىسىدا يۇقىرى باھا بەردى؛ يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى جۇرئەت قادىرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تەرجىمەشۇناس، «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300» نىڭ تەرجىمە قىلغۇچىسى ياسىن ھاۋازىغا «ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپلىك

تەتقىقاتچىسى گوۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى. تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىمىزنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياسىن ھاۋازى ۋە ئۇ تەرجىمە قىلغان «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300» شىنجاڭ ۋە مەركەزدىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىشى ۋە خەۋەر قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئەھۋالى بۇ قېتىمقى پائالىيەت «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسىدا (43 خىل تىلدا) خەۋەر قىلىندى ھەمدە شىنخۇا تورىدا ياسىن ھاۋازىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى توغرىلىق بىرقانچە پارچە خەۋەر ئېلان قىلىندى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى جۇرئەت قادىر ۋە تارىخ - مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش تەلئەت ئىبراھىم تىلەك 5 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 19 - كۈنىگىچە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى؛ ئۇ يىغىنغا مەملىكەت بويىچە 140 تىن كۆپرەك كىشى ئىشتىراك قىلدى؛ يىغىن مەزگىلىدە يىغىن ئىشتىراكچىلىرى خۇنەننىڭ تاۋيۈەن ناھىيە نېگىشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ يېزىسىدا ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق جايلىرى، تۇرمۇشى ۋە مەكتەپلىرى ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

△ مەركەز تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇرئەت قادىر باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 24 - كۈنىگىچە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلگەن «يايلاقتا مۇھەببەت» نامىدىكى سەرخىل ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى. كۆرگەزمىگە تەتقىقاتچىمىز لى ياۋتيەن، يۇرتىمىزنىڭ پەخرىي باشلىقى غازى ئەھمەد، تەتقىقاتچىمىزدىن لى ياۋتيەن، نىياز كېرىم، مىن يىنىنەن، لى جو، تۇردى ئىمىن، لۇڭ چېڭلىيەنلەرنىڭ 11 پارچە ئەسىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. لى ياۋ تيەن بىلەن نىياز كېرىمنىڭ ئىككى پارچە ئەسىرى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ساقلىشىغا ئېپقېلىندى ھەمدە ئۇلارغا ساقلاش گۇۋاھنامىسى بەردى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



△ 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن «كوئېنلون» مېھمانخانىسىنىڭ 2 - قەۋەت مەجلىسخانىسىدا ۋۇ چىڭپېڭنىڭ «چۆل قىزى» دېگەن جۇڭگوچە رەسىمى، مۇھەممەت ھېيتىنىڭ «ئوتلۇق زېمىن» دېگەن ماي بوياق رەسىمى، شى شىلۇنىڭ تۆت پارچە ھۆسنخېتى، زوگۇاڭلىنىنىڭ «لەن تىڭشۇ» ناملىق بىر يۈرۈش ھۆسنخېتى، مۇھەممەت پولاتنىڭ «تەسىرات ئۇچقۇنلىرى» ناملىق ئەدەبىي ئوبزورى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان 2 - نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇلاردىن باشقا يەنە تەكلىپلىك تەتقىقاتچىمىز لۇشۇنشۇناس، مەشھۇر ئەدەبىي تەرجىمەشۇناس توختى باقى ئەپەندىمۇ «تۆھپىكار مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى؛ ئەدەبىي تەرجىمان، تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش تەلئەت ئىبراھىم تىلەك تەرجىمە قىلغان «ئەجدادلار ناخشىسى» مۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» نىڭ ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

△ غازى ئەھمەد، شى شىلۇ، لى جىڭشى قاتارلىق تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە بېيجىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىي مۇزېيىدا ئۆتكۈزۈلگەن «قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تارىخ - مەدەنىيەت ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسى» گە قاتناشتۇرۇلدى. يۇرتىمىزدىن ئالتە پارچە ئەسەر كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى يولداش مەنسۇر توختى بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە قاتناشتى.

## قايغۇلۇق خەۋەر

△ ئاتاقلىق تىلشۇناس، تۆھپىكار مائارىپچى، تەرجىمەشۇناس، تەتقىقاتچىمىز خەمىت تۆمۈر كېسەل سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2006 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6:45 دە ئۈرۈمچىدە 75 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

خەمىت تۆمۈر 1931 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تۇرپاندا تۇغۇلغان، 1949 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش تەشۋىقات خىزمىتى ئەترىتىگە قاتناشقان؛ 1950 - يىلى ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1953 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

1954 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى، ئۇچىنچى كافېدرانىڭ مۇدىرى بولغان، 1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1984 ـ يىلى ئىنىستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1992 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ تەتقىقاتچى بولغان.

1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان.

يولداش خەمىت تۆمۈر 50 نەچچە يىلدىن بۇيان ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات جەھەتتە تۆھپە ياراتقان، 1979 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا دوتسېنت بولۇپ باھالانغان، 1986 ـ يىلى پروفېسسورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن. 1995 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان.

يولداش خەمىت تۆمۈر ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇتۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراممatiكىسى تەتقىقاتىدا زور بۆسۈش ھاسىل قىلغان، 1987 ـ يىلى 300 مىڭ خەتلىك مەخسۇس ئەسەر «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراممatiكىسى. مورفولوگىيە» نى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن، 220 مىڭ خەتلىك «چاغاتاي تىلى» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان، مۇكاپاتلانغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ باجىنىنىڭ «ئائىلە» دېگەن رومانى، دۇنياغا داڭلىق ئەسەر «بابۇرنامە» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقارغان.

1992 ـ يىلى، يولداش خەمىت تۆمۈر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى باشقۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە جاپالىق ئىشلەپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گراممatiكىسى»، «چاغاتاي تىلى دېگەن كىتاب توغرىسىدا قاراشلىرىم» قاتارلىق چوڭ ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. يەنە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىملا، تەلەپپۇز لۇغىتى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاشقا قاتناشقان. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گراممatiكىسى» نىڭ لېكسىكولوگىيە قىسمىنى يېزىش پىكرىنى تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنىڭ تەتقىقاتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان.